

ئومۇمىي 31-سان

2022 مارت

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش 1



يېڭى سوغۇق ئۇرۇش 50



ئابدۇجېلىل تۇران 27

2022 مارت

ئومۇمىي 31-سان

# ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋسترالىيە پارلامېنتىدىكى ئاۋازى بولغان، ھۆرمەتلىك سېناتور كىمبېرلى كىچىك خانىم (1970-2022)

## مىسلىسىز ئويغىنىش

كىشىلىك مۇۋەپپىقىيەت چارىلىرى 44

پەرزەنتلەرنى ماختاش كېرەكمۇ؟ 56

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## كۆپكۆنىكى ئۇيغۇرلار

ئابدۇجېلىل تۇران

## تارىخ ۋە بىز

ئىقلىملارنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە مۇلاھىزە 60

ئون كۈچلۈك دۆلەت 100

**مۇقاۋىدا: ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى**

سەمەت ئابلا لايىھەلىگەن














# مۇندەرىجە


## خەلقئارا ۋەزىيەت

يېڭى ۋە زۇلمەتلىك سوغۇق ئۇرۇش

ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە خىتاي 30

## ھېكمەتلەر

سىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ھېكمەتلەر 110

## ساغلاملىق

ياڭاق ۋە سالامەتلىك 69

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ئاياللارغا شەپقەت كۆرسىتىش 84

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

قەشقەرنىڭ 16-ئەسىردىن 18-ئەسىرگىچە بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى

خوتەن يىپەكچە مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى 74

خىتاي تەتقىقاتى



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس

Internal Campaign

a Muslim Minority



# بەشنچى باب: ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت ۋە تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى

(داۋامى)

## 2013 ـ يىلى: بارغانسېرى ئەۋج ئالغان زوراۋانلىق، تېرورلۇققا ۋە ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش

10 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئائىلىسى ئۆزىنىڭ دالا ماشىنىسى بىلەن تيەنئەنمېن مەيدانىغا سوقۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇر دىيارى 2013 ـ يىلى ئالدىنقى ئۈچ يىلدا بۇ رايوندا داۋاملىشىپ كەلگەن «زوراۋانلىق ۋە باستۇرۇش ئايلىنىشى»نىڭ ئەۋج ئېلىشىغا شاھىت بولغانىدى. گەرچە 2013 ـ يىلىدىكى بۇ بىر قاتار زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ئارىسىدا 3 ـ ئايدا كورلىدا، 5 ـ ئايدا قاغىلىقتا يۈز بەرگەن، ئۇيغۇر ۋە خىتاي پۇقرالىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇشمۇ بار بولسىمۇ، ئەمما باشقا ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زوراۋانلىقلار ئىدى (9). بۇلار 3 ـ ئايدا ساقچىخانىغا بېنزىن بومبا ئېتىش ۋە 4 ـ ئايدا ئىككى «مەھەللە ساقچىسى»نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت خوتەندە يۈز بەرگەن ئىككى ۋەقەنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (10). گەرچە 2013 ـ يىلىدىكى بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر رايونىنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قانلىق ۋەقە 6 ـ ئايدا تۇرپان شەھىرىگە يېقىن لۈكچۈن بازىرىدا يۈز بەرگەنىدى. ئېيتىلىشىچە، ئەينى چاغدا قىڭراقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كەلگەن بىر توپ ئۇيغۇر بىر ساقچىخانىغا، يەرلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىغا ۋە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان (11). ئېيتىلىشىچە، ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر ھۇجۇمچىلىرى 17 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، شۇنداقلا ھۇجۇمچى ئىككەيلەنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئون كىشىنىڭ ھەممىسى بىخەتەرلىك قىسىملىرى تەرىپىدىن

ئۆلتۈرۈلگەن (12). «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» لۈكچۈندىكى زوراۋانلىقنى ماختاپ بىر ۋىدىيو ئېلان قىلىپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم «جىھادىي ھەرىكەت» دەپ ئاتىغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ كۆپ جىھادىي ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرغان (13). لېكىن، لۈكچۈندە زادى نېمە ئىش بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا سىياسىي ئامىللارنىڭ سەۋەب بولغان ـ بولمىغانلىقى تېخىچە ئېنىق ئەمەس.

گەرچە خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى مەزكۇر ۋەقەنىڭ سالمىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما 2013 ـ يىلى ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رەسمىي تاراتقۇلاردا خەۋەر قىلىنمىغاچقا، مەزكۇر ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئېنىقسىزلىقلار شۇ پېتى قالغان. بىز بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەقەت پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە توربىدا خەۋەر قىلغانلىقى، ئاندىن خەلقئارالىق مۇخبىرلارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى سەۋەبلىكلا بىلىمىز. ھالبۇكى، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى 2013 ـ يىلى تۇرپانغا يېقىن جايدا (يەنى لۈكچۈندە) ۋە تيەنئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدىن باشقا، يەنە بىر زوراۋانلىق ۋەقەسىنىمۇ كەڭ كۆلەمدە خەۋەر قىلدى. بۇ 4 ـ ئايدا قەشقەرگە يېقىن مارالبېشى ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ۋەقەسى ئىدى. ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، يەرلىك ساقچى ۋە «مەھەللە خىزمەتچىلىرى» مارالبېشىنىڭ بىر يېزىسىنى ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇش جەريانىدا بىر «تېرورلۇق گۇرۇپپىسى»نى بايقىغان ۋە ئاردا توقۇنۇش كېلىپ چىققان. نەتىجىدە بىر ئۆي كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن ۋە كەم دېگەندە 15 ساقچى ۋە «مەھەللە خىزمەتچىلىرى» ئۆلتۈرۈلگەن (14). لېكىن، بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەھۋاللار ھېلىھەم ئېنىق ئەمەس. بەزى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، دائىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ «تېرورلۇق» ۋىدىيولىرىنى كۆرگەنلىكىنى بايقاپ قالغاندا، ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا شىددەتلىك ئىنكاس قايتۇرغان. باشقا خەۋەرلەرگە كۆرە، بۇ بىر گۇرۇپپا كىشى ئەينى ۋاقىتتا پەقەت بىر يەرگە يىغىلىپ قۇرئان ئۆگىنىۋاتقانىكەن (15). يەنە شۇنىڭدەك، ئالاقىدار خەۋەرلەردە، ئىچىدە ساقچى ۋە «مەھەللە خىزمەتچىلىرى» بار بۇ ئۆينىڭ قانداق كۆيۈپ كەتكەنلىكى، ئوتنى ئۇيغۇرلار قويغانمۇ ياكى ساقچىلارمۇ دېگەن نۇقتىلار بايان قىلىنمىغان (16). دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ بۇ ۋەقەنى «تېرورلۇق ھۇجۇمى» سۈپىتىدە خەۋەر قىلىشىدا، مەزكۇر زوراۋانلىق ۋەقەسىدە بىخەتەرلىك قىسىملىرى ئۇچرىغان تالاپەتنىڭ ئېغىرلىقى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ۋىدىيو ئېلان قىلىپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ماختىشى ۋە ئۇنى «جىھادىي ھەرىكەت» دەپ ئاتىشى سەۋەبلىك، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر خىتاينى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى ئاتالمىش «تېرورچىلار» ئېلىپ كەلگەن تەھدىتنى يەتكۈچە مۇبالىغىلەشتۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن (17).

دىنىي ئېدىيەنىڭ لوكچۇن ۋە مارالبېشىدىكى زوراۋانلىقلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار ـ يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى رايوندا كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان زوراۋانلىقنى ئۆزلىرى «ئاشقۇنلۇق» دەپ تەبىرلىگەن دىنىي ئېدىيەگە باغلاش ھەققىدە تېخىمۇ جىددىي باش قاتۇرۇۋاتاتتى. 1990 ـ يىلىدىكى بارىن ۋەقەسىدىن تارتىپلا، خىتاي دائىرىلىرى رايوندىكى زوراۋان قارشىلىقلارنى دىنغا باغلاپ كەلگەنىدى. ئەمما بۇ يېڭى ئۇرۇنۇش دۆلەت تەستىقلىغان ئاپپاراتلاردىن باشقا جايلاردا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى جازالاپ، دۆلەتكە قارشى دىنىي ئېتىقادلارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولغان كىشىلەرنىڭ ھەم جىسمانىي، ھەم كۆلتۈرەل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاشنىلا مەقسەت قىلمايتتى. خىتايدىكى مەلۇم بىر «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش مۇتەخەسسىسى»گە كۆرە، بۇ ئۇرۇنۇش خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى تەرىپىدىن 2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تارقىتىلغان «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ چەكلەش ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇشتىكى بىر قانچە يېتەكچى پىكىر» ماۋزۇلۇق، «11 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان مەخپىي ئىچكى ھۆججەت بىلەن باشلانغان (18).

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆلتۈرەل ئىپادىلىرى ئىچىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن «ئاشقۇنلۇق» دەپ قارالغانلىرىنى ئېنىقلاشتىكى بۇ يېڭى ئۇرۇنۇشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپلىرىدىن بىرى 2013 ـ يىلىدىكى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئوچۇقراق كىيىنىشكە، شۇنداقلا ھىجاب ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭكىگە ئوخشايدىغان كىيىم ـ كېچەك ئۇسلۇبىدىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق گۈزەللىكىنى «نامايەن» قىلىشقا مەجبۇرلىغان «گۈزەللىك قۇرۇلۇشى» (靓丽工程) ھەرىكىتىدۇر. گەرچە «گۈزەللىك قۇرۇلۇشى» پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەت بولسىمۇ، ئۇ رايون مىقياسىدا تەكشى ئىجرا قىلىنماستىن، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدا ئالاھىدە چىڭ تۇتۇلدى. قەشقەردە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، ئاياللارنىڭ يۈز ياپقۇلىرى تەكشۈرۈلدى. كوچىدىكى كامېرالار ئاياللارنىڭ يۈز ياپقۇ تاقىغان ـ تاقىمىغانلىقىنى نازارەت قىلالايدىغان قىلىندى (19). ئاممىۋى سورۇندا يۈز ياپقۇ تاقىغان ئاياللار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىنىپ، ئاياللارنى ئاممىۋى سورۇنلاردا «گۈزەل چىرايى»نى كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان تەشۋىقات فىلىملىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق «قايتا تەربىيەلىنىش»كە قاتنىشىشقا مەجبۇرلاندى (20).

ھالبۇكى، خىتاينىڭ «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇش نامىدا كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا دىندارلىق ئالامەتلىرىگە چەك قويۇش ئۇرۇنۇشى ئاممىۋى سورۇنلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئالاھەزەل شۇ مەزگىللەردە، دائىرىلەر جەنۇبتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى قىلمىشلىرىنى باھالاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ «ئاشقۇنلۇق» ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۆيمۇ ئۆي

ئاختۇرۇش سالمقىنى تېخمۇ كۈچەيتتى. پەرەز قىلىنىشچە، ئائىلىدىكى دىنىي كىتابلارنى، كىيىم - كېچەكلەرنى ۋە بېزەكلەرنى، ھەتتا يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى باھالاش ئارقىلىق كىشىلەرنى «ئاشقۇن» دەپ بېكىتىكىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر رايونىدىكى، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي كادىرلار قوشۇنى مەزكۇر ئاختۇرۇشنى تېخمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. خىتاي كومپارتىيەسى 2013 - يىلى 2 - ئايدىلا مەزكۇر پىلاننى ئېلان قىلىپ، (ئالاقىدار دائىرىلەرنى) 200 مىڭ كادىرنى 9000 كەنتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا چاقىرىق قىلغانىدى. مەزكۇر كادىرلارنىڭ بۇ كەنتلەردە ئاز دېگەندە بىر يىل تۇرۇشى ۋە يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەنىدى (21). گەرچە مەزكۇر كادىرلارنىڭ بۇ رايونلارنىڭ يېزا تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار شۈبھىسىزكى ساقچىلىق رولىنىمۇ ئويناپ، يەرلىك ئۇيغۇر رەھبەرلەرنى كۆزەتكەن ۋە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن «ئاشقۇنلۇق» دەپ قارالغان دىنىي ۋە كۈلتۈرەل ئادەتلىرى بار - يوقلۇقىنى نازارەت قىلغانىدى (22). مارالبېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن «مەھەللە خىزمەتچىلىرى» بەلكىم مۇشۇ كادىرلار قوشۇنىدىكىلەر بولۇشى، ئۇ يەردىكى زوراۋانلىق ۋەقەسىمۇ مۇشۇ خىل چېكىدىن ئاشقان «دائىملىق» ئۆي تەكشۈرۈش سەۋەبلىك يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبتىكى يېزا ئۇيغۇرلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا، كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دۆلەت تەرىپىدىن «ئاشقۇنلۇق» دېيىلگەن ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە ئىپادىلىگەن دەپ قارالغانلارغا قارىتا ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بولۇپمۇ دۆلەت ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ يىغىلىشلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە تۇيۇقسىز ھۇجۇملارنى قوزغاپ تۇردى. خىتاي دائىم بۇ خىل ھۇجۇملارنى «تېرورلۇق گۇرۇپپىلىرى»نىڭ ئۇۋىسىنى بىتچىت قىلىش دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا نىشانلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلىدىغان بولغاچقا، زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، 8 - ئايدا، قاغىلىق ناھىيەسىگە يېقىن جايدىكى خىتاي دائىرىلىرى جاڭگالدا بىللە ناماز ئوقۇۋاتقان 15 ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پوسكام ناھىيەسىدىمۇ، خىتاي دائىرىلىرى چەت بىر جايغا يىغىلغان، «تېرورلۇق ھۇجۇمى»غا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئۇيغۇرلاردىن كەم دېگەندە 12 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى (23). خەۋەرلەرگە كۆرە، 9 - ئايدا ۋە 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەر ۋە يەكەننىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا يۈز بەرگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر يەنە يەتتە ئۇيغۇرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان (24). بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق يېزا - بازارلارنىڭ قامال قىلىنغانلىقىنى ۋە تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلۇپ، شۇ يەردىكى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ كىملىكى تەكشۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. گەرچە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ خىتاي بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇقى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان بۇ يەرلىك زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى

يوقلۇقى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمرى 9 ـ ئايدا يەنە بىر ۋىدىيو تارقىتىپ، بۇ رايوندىكى كىشلەرنى ئۆزىنىڭ تەبىردىكى «ختاي دۆلىتىگە قارشى جىهاد»نى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىردى (25).

گەرچە 2013 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى دالا ماشىنىسى ۋەقەسىدىن ئىلگىرىمۇ ئېغىر زوراۋانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما تەخمىن قىلىنغىنىدەك، ختاي دائىرىلىرى بېيجىڭدىكى ۋەقەگە ناھايىتى تېز ئىنكاس قايتۇردى. شۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بېيجىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي ساقچىلىرى بىرلىكتە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ماشىنا ۋەقەسىنى پىلانلىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن خوتەندىكى يەر ئاستى «تېرورلۇق تەشكىلاتى»نىڭ ئەزاسى دەپ ئەيىبلەنگەن بەش ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى (26). شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سوتلىنىش ئەھۋالى ختاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئىقتىدارىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە دۆلەتلىك تاراتقۇلاردا خەۋەر قىلىندى.

ھالبۇكى، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئارىسىدىكى ئايلانما زوراۋانلىق شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن 2014 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. تيەنئەنمېن مەيدانى ۋەقەسىدىن ئىككى ھەپتە كېيىن، توققۇز ئۇيغۇر يىگىت پالتا ۋە پىچاق بىلەن مارالبېشىدىكى ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ساقچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن (27). گەرچە توققۇز ھۇجۇمچى دائىرىلەر ئۇلارنى سوراق قىلىشتىن ئىلگىرىلا ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرى بۇ زوراۋانلىقنى خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە «تېرورلۇق»نىڭ يەنە بىر ئىپادىسى دېدى. شۇ سەۋەبلىك، بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدىكى تەكشۈرۈشلىرى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلار قولغا ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. 12 ـ ئايدا، ساقچىلارنىڭ قەشقەر كونا شەھىرىدىكى دائىرىلەر تەرىپىدىن «تېرورچى» دەپ ئاتالغان يەنە بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارغا «تۇيۇقسىز ھۇجۇم» قىلىشى نەتىجىسىدە، ئالتە ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلدى (28). دائىرىلەر تەرىپىدىن «تۇيۇقسىز ھۇجۇم» دېيىلگەن ۋە ۋەقە سادىر قىلغان ئۇيغۇرلار دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئالدىنقى ۋەقەلەردىكىگە ئوخشاشلا، بۇ قېتىممۇ زادى نېمە ئىش بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قەشقەر ئاھالىسىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ «ھۇجۇم» ئەمەس، بەلكى پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان توي توغرىسىدا پىلان تۈزۈشۈۋاتقان بىر ئۆيگە قارىتىلغان تەكشۈرۈشتىن كېلىپ چىققان ۋەقە ئىدى. ئېيتىلىشىچە، (ئۆي تەكشۈرگىلى كىرگەن) بىر ساقچى ئۆيدىكى ئايالنىڭ يۈز ياپقۇسىنى ئېچىشقا ئۇرۇنغاندا، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك توقۇنۇش يۈز بەرگەن (29).

بۇ ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچلىك تەپسىلاتلارنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، 2013 ـ يىلى ئۇيغۇر رايونىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق زوراۋانلىقنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايىنى تولۇق بىلىش بەسى مۈشكۈل. گەرچە بەزى ھۇجۇملار بەلكىم قىزغىن جىھادچىلار تەرىپىدىن قىلىنغان ۋە ياكى «تۈركىستان

ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋەدىيولىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن ــــ ئەمما بۇ خىل ئېھتىماللىق ناھايىتى تۆۋەن ــــ بولسىمۇ، ئەمما «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بۇ زوراۋانلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلمىغانلىقى ئېنىق. تۆۋەندىمۇ بايان قىلىنىدىغىنىدەك، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2013 ـ يىلى خىتاي سىرتىدىكى باشقا پائالىيەتلەر بىلەن ئالدىراش بولۇپ، خىتايدا ھەرقانداق ھۇجۇم قوزغاشقا چولىسى تەگمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىتابتىكى «تېرورلۇق» ئېنىقلىمىسىغا كۆرە، بۇ ھۇجۇملارنىڭ كۆپىنچىسى «تېرورلۇق» قىلمىشى ئەمەس. تىيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ــــ خاراكتېرىنى ئېچكىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ــــ دالا ماشىنىسى ۋەقەسىدىن باشقا، (بۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن) زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسى بىگۇناھ پۇقرالارنى ئەمەس، بەلكى ساقچى ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى نىشان قىلغان ھەمدە ئۇيغۇرلار ــــ بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ــــ بىلەن خىتاي بىخەتەرلىك دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى 2014 ـ يىلىغىچە داۋاملىشىدىغان توقۇنۇشنى كۆرۈكلىگەن.

## بۇرۇلۇش نۇقتىسى: 2014 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە

2014 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى بىر قانچە ئېيىدا، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدا 2013 ـ يىلى ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن زوراۋانلىقلار ۋاقتىنچە بېسىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. گەرچە (بۇ جەرياندا) تۆۋەن دەرىجىلىك زوراۋانلىق قىلمىشلىرى داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەنىدى. ھالبۇكى، شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، ئۇيغۇر رايونىنىڭ سىرتىدا بىر چوڭ ۋەقە يۈز بەردى. 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى يۈننەن ئۆلكىسىدىكى كۇنمىڭ ۋوگزالىدا ئۇزۇن پىچاقلار بىلەن خىتاي پۇقرالارغا قارىتقويۇق ھۇجۇم قىلغان. خەۋەرلەرگە كۆرە، ئىككى ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىردەك قارا كىيىم كىيگەن سەككىز ھۇجۇمچى 31 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 141 ئادەمنى يارىلاندۇرغان (30). بۇ ھۇجۇم ئاددىي پۇقرالارغا قارىتىلغان بولۇپ، قارىماققا ئالدىن پىلانلانغان ۋە ــــ خىتاي دائىرىلىرى ۋەقە نەق مەيدانىدىن شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى تاپقان بولغاچقا ــــ سىياسىي غەرەزگە ئىگىدەك قىلاتتى (31). شۇ ۋەجىدىن، بۇ 1997 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئاپتوبۇس پارتلىتىلغاندىن بۇيان،

ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان زوراۋانلىقلارنىڭ مەزكۇر كىتابتا قوللىنىلغان ئېنىقلىمىغا كۆرە تۈنجى قېتىم ئىشەنچلىك ھالدا «تېرورلۇق ھۇجۇمى» دەپ قارىلىشى ئىدى.

دېگەندەك، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» يەنە بىر ۋىدىيو ئېلان قىلىپ، بۇ ھۇجۇمنى ماختىدى ۋە ئۇنى «جىھادىي ھەرىكەت» دەپ ئاتىدى، شۇنداقلا بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ خىتاي دائىرىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى سىياسىتى توغرىسىدا تېخىمۇ قاتتىق تەھدىت سالدى. ئەمما شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەردىكىگە ئوخشاشلا، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بۇ ۋەقەنىمۇ بىۋاسىتە ئۆز ئۈستىگە ئالمىدى (32). گەرچە بۇ مەزكۇر كىتابتا قوللىنىلغان جانلىق ئېنىقلىمىغا كۆرە «تېرورلۇق ھۇجۇمى»دەك قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان، خەلقئارالىق ئىسلامىي «ئاشقۇن» تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىپىك «تېرورلۇق» ۋەقەلىرىدىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋەقەنىڭ تېخىمۇ چوڭ تەشكىلات تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقى ياكى ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ خىتاي سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىگە ئائىت ھېچقانداق پاكىت يوق ئىدى. ئەكسىچە، ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن كونكرېت ئەھۋالغا ئىنكاس قايتۇرغاندەك قىلاتتى.

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ ۋەقەنى سادىر قىلغانلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق خىتايدىن ئايرىلىپ، «يەرشارىۋى جىھاد»قا قاتناشماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما رايوندىكى چېگرا بىخەتەرلىكىنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان (33). «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ خەۋەرىدىمۇ ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق چېگرادىن ئايرىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى، ئەمما بۇنىڭ «يەرشارىۋى جىھاد»قا قاتنىشىش ئۈچۈن بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكى، كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئولتۇراقلىشىش ئىجازىتى يوق ھالدا كۈنمىڭدا قاپسىلىپ قالغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان (34). بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ قايسىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۇجۇمنىڭ چەتئەلدىكىلەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە پىلانلانغانلىقى ئېنىق. شۇنداقلا، ھۇجۇمچىلار چېگرادىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان (ئەمما، ئۆتەلمىگەن)دىن كېيىن ساقچىلاردىن قېچىپ يۈرگەندە، زوراۋانلىقنى سادىر قىلىشنى قارار قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مەيلى ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۈنمىڭدىكى خەتەرلىك ئەھۋالغا ئىنكاس قايتۇرماقچى، ياكى (شۇ ئارقىلىق) سىياسىي مەۋقەسىنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولسۇن، ياكى ھەر ئىككىلىسى بولسۇن، ۋەقەنىڭ خىتاي جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى شەكسىز ھالدا «تېرورلۇق ھۇجۇمى»نىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، خىتاي جەمئىيىتىدە پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك قورقۇنچ پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان، «ئىسلام دۈشمەنلىكى»دىن مەنبەلەنگەن تەشۋىشى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. بۇ ۋەقەنىڭ بېيجىڭدىكى دالا ماشىنىسى ۋەقەسىدىن بەش ئاي كېيىنلا يۈز بەرگەنلىكى بۇ تەشۋىشنى تېخىمۇ

ئەدتىۋەتتى. ئەگەر بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى چۆرىدىگەن ۋەقەلەر ۋە ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقى ئۇيغۇرلارنى مىللىي جەھەتتىن «خەتەرلىك» خەلق قىلىپ كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنداقتا كۇنمىڭ ھۇجۇمى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاشۇ خىل خەتەرنى «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» مۇھىتىدىكى ھايات ـ ماماتقا چېتىلىدىغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان، ھايۋانلارچە، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق جايغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن بولغان، يەنە كېلىپ ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر دىيارى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان «تېررورلۇق تەھدىتى» دەپ قارىشىغا سەۋەب بولدى. خىتاي دائىرىلىرى كۇنمىڭ ۋوگزالىدىكى زوراۋانلىقنى كۈچلۈك ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇپ ئىنكاس قايتۇردى، بۇ ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىككى يىلدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان زوراۋانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىگە باھا بەرمەسلىك تۇتۇمىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شى جىنپىڭ مەزكۇر ھۇجۇمدىن كېيىنلا بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا شۇلارنى جاكارلىدى: سىلەر چوقۇم «زوراۋان تېررورچىلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، خۇددى يوقاتقان تەكەببۇرلارغا قەتئىي زەربە بېرىپ ... جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن قوغدىشىڭلار» كېرەك (35).

شى جىنپىڭنىڭ بۇ ۋەقەگە بولغان ئەندىشىسى ئۇنىڭ شۇ قېتىملىق ھۇجۇم يۈز بېرىپ ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، يەنى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى سۈپىتىدە ئۇيغۇر رايونىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىشىغا سەۋەب بولدى. دۆلەت تاراتقۇلىرى شى جىنپىڭنىڭ زىيارەت جەريانىدا «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» خىزمىتى توغرىسىدا كۆپ توختالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. ئۇ «تېررورچى»لارنى زوراۋانلىق قىلىشتىن بۇرۇن تۇسۇش ئۈچۈن «ئاۋۋال قول سېلىش» ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ «تېررورلۇق»قا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە «مۇشت ۋە خەنجەر»لىك سۈپىتىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ماختىدى (36). يېقىندا ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇ بۇ ھەرىكەتنى «دىكتاتۇرا ئاپپاراتلىرى»دىن پايدىلىنىپ تېررورلۇققا، سىڭىپ كىرىشكە ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك كۈرەشكە ئايلاندۇرۇشقا ۋە «قەتئىي رەھىم قىلماسلىق»قا چاقىرىق قىلغان (37). دەل مۇشۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، شى جىنپىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرغاندا، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۈرۈمچى ۋوگزالىنى پارتلاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى (38). (مەزكۇر پارتلاشتا) ۋوگزالنى پارتلاتقۇچىدىن باشقا، بىرلا ئادەم ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما 79 ئادەم يارىلانغان. خەۋەرلەرگە كۆرە، مەزكۇر ھۇجۇمدىن كېيىن، شى جىنپىڭ يەرلىك دائىرىلەردىن «كەسكىن تەدبىر» قوللىنىپ، «زوراۋان تېررورچىلار»نى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلغان (39).

ئۈرۈمچىدىكى پارتلىتىشمۇ كۈنمىڭ ۋەقەسىگە ئوخشاشلا قەستەن پۇقرالارغا قارىتىلغان زوراۋانلىق ئىدى. شۇنداقلا، بۇ ۋەقەنىڭمۇ (كۈنمىڭدىكىگە ئوخشاش) ۋوگزالدا يۈز بەرگەنلىكى كىشىلەرنىڭ «بىر تۈركۈم تەشكىللىك ئۇيغۇرلار <تېرورلۇق> ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلىشتا (ۋوگزالغا ئوخشاش جايلاردا ۋەقە سادىر قىلىشتىن ئىبارەت) ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان ئوخشايدۇ» دېگەن چۈشەنچىگە كېلىشىگە سەۋەب بولدى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ مەزكۇر ھۇجۇم توغرىسىدا، ئۆتكەن تۆت يىلدا ئۆلدى دەپ قارىلىپ كەلگەن ئابدۇلھەق بار بىر ۋىدىيو ئېلان قىلىشى بۇ خىل پەرەزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى (40). «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى، ختايدىكى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ۋىدىيولىرىغا ئوخشاشلا، بۇ ۋىدىيوسىدىمۇ مەزكۇر ھۇجۇمنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىدى ـ يۇ، ئەمما ئۆز يۇرتىدىكى جىھادچىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى تەبرىكلىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر ۋىدىيو چامادان بومبىنى قانداق ياساش توغرىسىدىكى دەرسلىك بىلەن باشلىنىپ، ئاندىن ۋەقە سادىر قىلغۇچىنىڭ ۋوگزالدا بومبىنى پارتلاتقان نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنى كۆرسەتكەن بولغاچقا، غەربتىكى بىر قىسىم «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرى شۇ قېتىملىق ھۇجۇمنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تەشكىللىگەن دەپ قاراشتى (41). مەزكۇر ۋىدىيودا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇئمىنلەر جىھادنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىق قىلىنغان ۋە «ھەر قانداق ختاي پۇقرانى ئۆلتۈرۈشنىڭ جىھاد ھېسابلىنىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغان كۇففارلار ئىكەنلىكى» بايان قىلىنغان (42).

گەرچە بۇ ھۇجۇم ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ جەنۇبتىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىلىشىگە سەۋەب بولدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي دائىرىلىرى جەنۇبنى مەزكۇر رايوندىكى بارلىق مۇقىمسىزلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى. ئۈرۈمچىدىكى مەزكۇر ھۇجۇم يۈز بېرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئاقسۇدا ساقچى بىلەن جېدەللەشكەن بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى (43). بۇنىڭدىن سىرت، ئاقسۇدىكى دائىرىلەرنىڭ رومال ئارتقان ئاياللارنى ۋە ئوقۇغۇچى قىزلارنى تۇتقۇن قىلغانلىقىغا قارشى نامايىش نامايىش 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ساقچىلارنىڭ نامايىشچى ئاممىغا ئوق چىقىرىپ، بىر قانچە ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى سەۋەبلىك، زوراۋان توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن (44). شۇنىڭدىن كېيىن، ساقچىلار شەھەردە يېرىم كېچىگىچە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، نامايىشقا قاتناشقان 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قولغا ئالغان (45).

ئاقسۇدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن ئىككى كۈن كېيىن، ئۈرۈمچىدە يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇم يۈز بېرىپ، كۈنمىڭ ۋە ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا قىلىنغان ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدىكىدىنمۇ كۆپ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. 2014 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، بىر توپ ئۇيغۇرلار ئىككى دالا ماشىنىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئەتىگەنلىك بازاردىكى توسۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تامامەن دېگۈدەك ختايلارلا

باردىغان بۇ كوچىدىكى كىشىلەرنى يەنجىپ ماڭغاچ، كوچىغا پارتلاتقۇچ ئاتقان ۋە ئاخىرىدا ئۆلارنىڭ ماشىنىسىغا ئوت كەتكەن (46). گەرچە دەسلەپتە 31 كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە توقساندىن ئارتۇق كىشىنىڭ يارىلانغانلىقى خەۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەتىسى ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 43 كە چىققان (47). يەرلىك دائىرىلەر بۇ ۋەقەنى «خاراكتېرى ئىنتايىن ناچار بولغان ئېغىر زوراۋان تېرورلۇق ۋەقەسى» دەپ ئاتىدى. ۋە مۆلچەرلەنگىنىدەك، شەھەرنى كۆپ قېتىم چارلىدى (48). بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدىكى پۇقرالارغا قارىتىلغان، قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان، ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇم ئىدى. 2013 ـ ۋە 2014 ـ يىللىرى، خىتايدا ئۇيغۇرلار بىلەن ساقچىلارغا ياكى خىتاي پۇقرالارغا چېتىشلىق زوراۋانلىق ۋەقەسىدىن كەم دېگەندە توقسان توققۇزى يۈز بېرىپ، جەمئىي 656 دىن 715 كىچە ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان (49). خىتاي بۇ خىل زوراۋانلىقلارنىڭ كۆچىيىشكە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، تېخىمۇ قاتتىق قول بولۇشقا تەييارلاندى.

ئۈرۈمچىدىكى ئەتىگەنلىك بازاردىكى ھۇجۇم يۈز بېرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى جاڭ چۈنشيەن «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»نىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى (50). گەرچە شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۈچ ئايدىكى زوراۋانلىق ھۇجۇملىرىدىن كېيىن خىتاي سىياسىي رەھبەرلىرىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشقا قەسەمياد قىلغانلىقىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ، ئەمما جاڭ چۈنشيەننىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلارنى «خەلق ئۇرۇشى» دېيىشى ماۋ زېدوڭنىڭ مىراسلىرىنى ئەسلىتىدىغان «خەلقچىل» ئىنكاستىن دېرەك بېرەتتى. دەرۋەقە، «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى» دۆلەتنىڭ ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكى كەڭ كۆلەملىك «تەربىيەلەش» ئۇرۇنۇشى ۋە كۈچلۈك ئىجتىمائىي بېسىمنى ئەسلىتىدىغان ھەر خىل سىياسەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ماركا سۈپىتىدە ئىشلىتىلەتتى (51) جاڭ چۈنشيەن ئۆزىنىڭ باياناتىدا يەنە بۇ «ئۇرۇش»نىڭ ئەڭ ئاساسلىقى ئىدىئولوگىيەگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت چوقۇم «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىشكە كۈچەپ، <ئۈچ خىل كۈچ>نىڭ <ئەكسىيەتچى ماھىيىتى>نى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئاشكارىلاپ ۋە تەنقىدلەپ، مەكتەپلەرنىڭ دىنىي ئاشقۇن ئىدىيەلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى ئىدىيەۋى كۈرەشتە قەتئىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك» دېدى. ھالبۇكى، ئۇ مەزكۇر مۇجادىلىنى سۈپەتلەشتە يەنە «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تەسىرىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇلۇغ ئانا ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، خىتاي كۈلتۈرىنى ۋە خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك» (52).

ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىدىئولوگىيە كۈرىشى قىلىشتىن ئىبارەت سىياسەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى جاڭ چۈنشيەننىڭ رەھبەرلىكىدىكى

رايونلۇق پارتكوم بىر قوللۇق ۋۇجۇدقا چىقارغان دېيىش توغرا بولمايدۇ. ئەكسىچە، مەزكۇر سىياسەتلەرنىڭ يىلتىزى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ـــ بولۇپمۇ «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» ئارقىلىق ـــ تۇتىشىدىغان بولۇپ، جاڭ چۈنشيەن «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»نى ئېلان قىلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا، جاڭ چۈنشيەننىڭ بۇ «ئۇرۇش» توغرىسىدىكى پىلانلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەر ئىككىنچى قېتىملىق «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» خىتاينىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر رايوندىكى مەسىلىلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازلىرىغا بولغان مەۋقەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىشتى. ئالدى بىلەن، ئىككىنچى قېتىملىق «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا ئىلگىرىكى تەرەققىياتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ئۆزگەرتىلىپ، «مۇقىملىقنى ساقلاش» مەسىلىسى بىرىنچى ئورۇنغان ئۆتتى ۋە بۇ خىل ئۆزگىرىش ئاساسلىقى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» شوئارى ئارقىلىق ئىپادىلەندى. ئىككىنچىدىن، مەزكۇر يىغىندا ئوچۇق ئاسسىمىلياتسىيە نىشانى بۇ مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە تەكىتلىنىپ، «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياستى»نىڭ بىرىنچى قېتىملىق «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دىكىدىنمۇ بەكرەك قوبۇل قىلىنغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلدى (53).

بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر رايوندىكى تەرەققىياتنىڭ خىتاي ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دەل ئەكسىچە، مەزكۇر رايوننىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا شى جىنپىڭنىڭ ئاساسلىق نىشانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شى جىنپىڭ شۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى، قازاقىستاندا «بىر بەلۋاغ بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ (BRI) ئۇلۇلۇق قىسمى بولغان «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغى» پىلانىنى جاكارلىغانىدى (54). شۇنىسى روشەنكى، شى جىنپىڭنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك تاشقى سىياسەت تۈرىنىڭ بىر قىسمى بولغان «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغى» پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، «بىر بەلۋاغ بىر يول تەشەببۇسى»دىكى غەرب ۋە غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدىكى بارلىق قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ كىرىش ـ چىقىش نۇقتىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئۇيغۇر دىيارىنىڭ چوڭ تەرەققىيات پىلانلىرى ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. شى جىنپىڭنىڭ «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا ئېيتقىنىدەك، «شىنجاڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمىتىدە ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ... ئاپتونوم رايوننىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى دۆلەتنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم» ئىدى (55). گەرچە ئۇيغۇر رايوننىڭ تەرەققىياتى خىتاينىڭ نىشانى ئۈچۈن ھېلىھەم مۇھىم، ھەتتا ئىلگىرىكىدىنمۇ مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزى ئىلگىرى ئېلان قىلغان تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتتى. ئەمدى تەرەققىياتنىڭ مۇقىملىققا تۆرتكە بولۇشى مۇقەررەر بولمىسىمۇ، ئەمما تەرەققىيات ئۈچۈن مۇقىملىق زۆرۈر بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، تەرەققىيات خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر ئىدى.

ئاخىردا، ئەمدىلىكتە مۇقىملىق ئۇيغۇر كىملىكىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىسلامىي ئامىللىرىنى ۋەيران قىلىش ۋە «تېرورلۇق»قا قارشى تۇرۇش نامىدا ئۇيغۇرلارنى («جۇڭخۇا مىللىتى»دىن ئىبارەت، ت) تېخىمۇ كەڭ دۆلەت كىملىكىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەنى ئالدىنقى شەرت قىلىشقا باشلىدى (56). شى جىنپىڭ مۇقىملىق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ساقلاش جەھەتتىكى مەزكۇر يېڭى ئاسسىمىلياتسىيەچى مېتودنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى بېكىتىش ئارقىلىق جاڭ چۈنشيەننىڭ ئىلگىرىكى «مەزكۇر رايوندىكى بارلىق خەلق قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاينى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، خىتاي كۈلتۈرىنى ۋە خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى قەتئىي ئېتراپ قىلىشى كېرەك» دېگەن تەشەببۇسىنى ياقىلىدى (57). شى جىنپىڭ يەنە «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى، ئالماشتۇرۇشنى ۋە بىرلىشىشنى كۈچەيتىش»نىڭ، مەزكۇر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشىشى»غا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ پەۋقۇلئاددە زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى (58). خىتاي ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە نىشانىنى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئاتالمىش «ئاشقۇن»لۇق تەھدىتىنى باھانە قىلىپ مەزكۇر نىشانىنى يوللۇق كۆرسىتىشكە مۇۋەپپەق بولدى ھەمدە بۇنىڭ غەربنىڭ «رادىكاللىقنى تۈگىتىش» پروگراممىلىرىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. «ئاشقۇنلۇق» قالپىقىنىڭ سۇبيېكتىپلىقى (يەنى ئوبيېكتىپ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۆلچىمى يوقلۇقى، ت)، خىتاينى مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق دىنىي پائالىيەتلىرىگە دېگۈدەك ھۇجۇم قىلىش باھانىسى بىلەن تەمىنلىدى. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئىككىنچى قېتىملىق «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر كۈلتۈرەل قىرغىنچىلىقىغا سەھنە ھازىرلىدى.

## «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»، 2014 ـ 2016

2016 ـ يىلىغىچە بولغان «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»دا، ئۇيغۇرلارغا خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ يېڭى شەكلىنى سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان كۆپ تەرەپلىك تەدبىرلەر قوللىنىلدى. مۆلچەرلەنگىنىدەك، بۇ

«ئاشقۇن» ۋە «تېرورچى» دەپ قارالغانلارنى يوقىتىش ۋە زورلۇق بىلەن جازالاش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي قىلمىشى ۋە كۇلتۇرەل ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئۇرۇنۇشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدى. بۇ ھەم ئاياللار، ھەم ئەرلەر ئارىسىدا «گۈزەللىك قۇرۇلۇشى» پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ يولغا قويۇپ، ئىسلامىي ئۇسلۇبتىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشنى ۋە ساقال - بۇرۇت قويۇشنى چەكلەش؛ دىنغا قارشى مائارىپنى كۈچەيتىش، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بارلىق پۇقرالارنى ئۆزئارا نازارەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ مەزكۇر تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدىغان مۇرەككەپ كۆزىتىش سىستېمىسىغا ئۇل سالدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى تەدبىرلەر ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازىنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۈلتۈرگە تېخىمۇ بەك مەركەزلەشتى، ئەمما ئۇ مېتود جەھەتتە يەنىلا ئاسسىمىلياتسىيەچى بولۇپ، ئىجرا قىلىنىش جەھەتتە، دىندار ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە نىشانلىغانىدى.

«ئاشقۇنلۇق»قا تاقابىل تۇرۇشنى نىشان قىلغان مەزكۇر ئىدىيىۋى مۇجادىلىنىڭ ئۆزى دەسلەپىدىن باشلاپلا ئىنتايىن «ئاشقۇن» ئىدى. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ھەر قانداق شەكىلدىكى دىنىي ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشتىن ئاكتىپ ھالدا چەكلەندى، ھەتتا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى دوكلات قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. ئاممىۋى «ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلارنىڭ رامىزاندا روزا تۇتۇشى چەكلىنىپ، ئۇلار ھاراق ئىچىشكە ۋە تاماكا چېكىشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى (ھەتتا مەجبۇرلاندى، ت) ۋە بۇ قىلىقلارنى تاشلاش ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالدى. شۇنداقلا، مەسچىتكە كىرىدىغانلارغا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇراسىملىرىدىكى دىنىي خاھىشقا بولغان نازارەت كۈچەيتىلدى (59). مەزكۇر مۇجادىلە يەنە ئۇيغۇر جامائىتىنى دۆلەتنىڭ خەلق ئارىسىدىكى دىندارلىق ئالامەتلىرىنى تىزگىنلىشىگە ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دائىرىلەر مەھەللە ئاھالىلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارە دىندارلىق ئالامەتلىرىنى ئۆزىدە ئىپادىلىگەن كىشىلەرنى پاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، بەزى ئەھۋاللاردا ھەتتا بۇ خىل پاش قىلىشلارغا خېلى كۆپ «سۈيۈنچە»مۇ بېرىلدى (60). پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاندا «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ۋە «ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش» تېمىسىدىكى تام رەسىم مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ خىل تام رەسىملەر ئاممىۋى سورۇنلاردىكى دىنغا قارشى تەشۋىقات بۇيۇمى سۈپىتىدە ھەممە يەرنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى قاپلىدى (61). يەنە بەزى جايلاردا، يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلىرى ئۇچراتقان «تېرورچىلار»غا دېھقانچىلىق قوراللىرى ئارقىلىق زەربە بېرىش جەھەتتە مەشىقلەندۈرۈلدى، ھەمدە «پىدائىي» خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ساقچىلارنىڭ ئاتالمىش «تېرورچىلار»نى يوقىتىشىغا ياردەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى (62). بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر قىسىم يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ مىللەتلەر ئارا تويلىشىشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قىلمىشىنى ئۆزگەرتىشتىكى رولىنى

ئۇچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تويلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خېلى كۆپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقنى جاكارلىدى (63).

گەرچە بۇ ئىدىيىۋى ئۇرۇشنىڭ چېكىدىن ئاشقان نۇرغۇن ئىپادىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى رايونلار ئارا پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئۇلار جەنۇبتىكى يېزىلار ۋە دىندار ئۇيغۇرلار بىلەنلا چەكلەنمىدى. بۇ ھەرىكەت يەنە دىندارمۇ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىلىقمۇ بولمىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مىللەتچىلىرىنىمۇ نىشان قىلدى. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى تور بەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنى تەنقىد قىلىدىغان، بولۇپمۇ دىنىي ياكى مىللەتچىلىك خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلارنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈشكە باشلىدى (64). ئىنتېرنېتكە بولغان تەكشۈرۈشنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكىنىڭ كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان مىسالى بېيجىڭدا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئىقتىساد پەنلىرى پروفېسسورى ئىلھام توختىنىڭ «بۆلگۈنچىلىك»كە تەرغىب قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنىشىدۇر. بېيجىڭدا ياشايدىغان ئىلھام توختى خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى سىياستىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد قىلالايدىغان بىردىنبىر ئۇيغۇر زىيالىيسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلارنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن مۇستەقىل قىلىپ چىقىش تەشەببۇسچىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ خىتاي زىيالىيلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان) بىلەن بولغان تارىخى مۇناسىۋىتىنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇشۇ زېمىننىڭ تارىختىكى ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى) ئېتىراپ قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە سىڭىپ كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەركەزلەشكەنىدى (65). ھالبۇكى، ئۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھەققىدە بىر تور بەت قۇرۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنى مەزكۇر رايوننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئوچۇق ـ يورۇق ۋە سەممىي مۇنازىرىلىشىشكە ئىلھاملاندۇرغانىدى. 2014 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئىلھام توختىغا «دۆلەتنى پارچىلاش» جىنايىتى ئارتىلدى ـــ بۇ ئاساسلىقى ئاشۇ تور مۇنبىرى سەۋەبلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن ـــ ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، بۇ ئادەتتە داڭلىق خىتاي ئۆكتىچىلىرىگە بېرىلىدىغان جازالاردىن كۆپ ئېغىر ئىدى (66). بۇ ۋەقە بارلىق ئۇيغۇرلارغا مۇنداق بىر ئۇچۇرنى يوللىدى: خىتاي ھۆكۈمىتى ئەمدى ئۆزىنىڭ سىياستى توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئېتىرازغا ۋە ئامىۋى مۇنازىرىلەرگە يول قويمايدۇ، «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»نىڭ دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ماددىلىرى توغرىسىدىمۇ مۇرەسسە قىلىنمايدۇ.

ئىلھام توختىغا جازا ھۆكۈم قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 2015 ـ يىلى خىتاي يەنە يېڭى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئالىلقاچان يولغا قويۇلۇپ بولغان ئىسلامغا قارشى ۋە

ئاسسىمىلياتسىيەچى نۇرغۇن سىياسەتلەرنى قانۇنغا ئايلاندۇردى. بۇ سىياسەتلەر قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئايلانغان بولغاچقا، ئەمدى قىسمەن رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئۇيغۇرلار بۇ ھەرىكەتنىڭ دەردىنى تارتاتتى. مەزكۇر قانۇنغا كۆرە، «تېرورلۇق» ــ «جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان، جامائەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، كىشىلەرگە ۋە مال ـ مۈلۈككە زىيان سالىدىغان تەشەببۇس ياكى قىلمىشنى؛ ياكى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە باشقا مۇددىئالىرىغا يېتىش ئۈچۈن، زوراۋانلىق، بۇزغۇنچىلىق، قورقۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دۆلەت ئورگانلىرىنى ياكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى مەجبۇرلاشنى» كۆرسىتەتتى (67). مەزكۇر ئېنىقلىمىدىكى «تەشەببۇس» ۋە «قورقۇتۇش» ئىبارىلىرى («تېرورلۇق»تىن ئىبارەت) بۇ ئۇقۇمنى كېڭەيتىپ چۈشىنىشكە يول ئاچتى ـ دە، (خىتاينىڭ ئاتالمىش «قانۇن»لىرىغا كۆرە) «تېرورلۇق» زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى باشقىلارنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەرقانداق مۇستەقىل سىياسىي ھەرىكەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر قانۇننىڭ 80 ـ ۋە 81 ـ ماددىلىرىدا تۆرلۈك «ئاشقۇن قىلمىشلار» چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تامامەن سۇبيېكتىپ ئىدى. بۇلار «قورقۇتۇش، پاراكەندىچىلىك سېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئارىلىشىش»تىن ئىبارەت ئېنتايىن مۈجمەل قىلمىشلارنى، شۇنداقلا (ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇشى، ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى دېگەندەكلەر ئارقىلىق، ت) دىنىي ئاشكارا ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر قاتار قىلمىشلارنى، كىشىلەرنىڭ باشقا مىللەت ۋە ئېتىقادتىكى كىشىلەر بىلەن ياششىنى ياكى ئارىلىششىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (68). بۇ يېڭى قانۇن توغرىسىدىكى خەلقئارالىق خەۋەرلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك، (مەزكۇر قانۇندىكى) بۇ ماددىلار ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدا قوللىنىشى مۇمكىن بولغان تەدبىرلەرنى نىشانلاپ، ياشانغان ئۇيغۇرلار بىلەن ياش ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى (69).

بۇ قانۇن ئۇيغۇر دىيارىدا ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز ئىپادىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان يېڭى «دىنىي ئىشلار نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. مەزكۇر نىزام شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان دىنغا قارشى سىياسەتلەرنىڭ نۇرغۇنىنى «قانۇن»لاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا پەۋقۇلئاددە مۈجمەل ۋە سۇبيېكتىپ بولۇپ، بۇ خىل مۈجمەللىك ۋە سۇبيېكتىپلىق «ئاشقۇن» قىلمىشلار ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ــ بۇ ئىككىلىسى مەزكۇر نىزامدا چەكلەنگەن ــ ئېنىقلىمىسى جەھەتتە تولىمۇ گەۋدىلىك. مەسىلەن، 38 ـ ماددىدا كىشىلەرنىڭ «باشقىلارنى دىنىي ئەسەبىيلىككە كۈشكۈرتىدىغان تاشقى قىياپەتلەرنى ئىپادىلىشى،

كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشى ۋە شەخسىي زىننەت بۇيۇملىرىنى، سىمۋوللارنى ۋە باشقا بەلگىلەرنى تاقىشى؛ دىنىي ئاشقۇن ئىدىيەلەرنى تارقىتىشى، ياكى باشقىلارنى ئاشقۇن كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشكە، دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ سىمۋوللىرىنى ياكى ياكى باشقا بەلگىلەرنى تاقاشقا مەجبۇرلىشى مەنئىي قىلىنغان» (70). ھالبۇكى، «ئاشقۇن» ئىدىئولوگىيە، كىيىم ـ كېچەك، سىمۋول ياكى بەلگىلەرنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان.

«دىنىي ئىشلار نىزامى» ۋە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ئىككىلىسى «خەلق ئۇرۇشى»دا ۋەدە قىلىنغان (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نەزىرىدىكى) «تېررورلۇق»قا قارشى ئىدىيىۋى كۆرەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ، بىردەك كۈچ سەرپ قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. نۇرغۇن جەھەتلەردە، مەزكۇر قانۇن ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر 2015 ـ يىلىدىن ئىلگىرىلا شەرقىي تۈركىستاندا، بولۇپمۇ جەنۇبتا يولغا قويۇلۇپ بولغانىدى. بىر ئاخباراتچىنىڭ 2014 ـ يىلى قەشقەردىن بەرگەن خەۋىرىدە ئېيتقىنىدەك، خىتاي مەزكۇر رايوندا «ئىسلامغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم» قوزغىغانىدەك قىلاتتى (71). ھالبۇكى، مەزكۇر يېڭى قانۇننىڭ «يول كۆرسىتىشى» نەتىجىسىدە، ئىسلامغا قىلىنغان بۇ ھۇجۇم تېخىمۇ سىستېمىلىقلىشىپ، قەشقەردىن ھالقىپ كەتتى.

«خەلق ئۇرۇشى» ئىدىئولوگىيە ساھەسىگە مەركەزلەشكەندىن باشقا، خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلارچە باستۇرۇشىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى. ھالبۇكى، بۇ خىل زوراۋان باستۇرۇشلار 2011 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ كەلگەنىدى. «تېررورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»نىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا، دائىرىلەر غۇلجا بازىرىدا 55 نەپەر ئاتالمىش ئۇيغۇر «تېررورچى»غا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلدى ھەمدە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بۇ رايوندا كەڭ كۆلەمدە «تېررورلۇققا قارشى تازىلاش» ئېلىپ بېرىپ، 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ئاتالمىش «تېررورلۇق پائالىيەتلىرى»گە قاتناشقانلىق گۇمانى بىلەن قولغا ئالدى (72). 2014 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر رايوندا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانىنىڭ ئالدىنقى يىلىدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. بۇ ئېنىقلىمىسى مۈجمەل بولغان «تېررورلۇق»قا مۇناسىۋەتلىك ئەيىبلەشلەر بىلەن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى خېلى زور دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ (73). ئۇيغۇر رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلاردا، يەرلىك بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈش سالمىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە بۇيرۇلغانىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ جايلاردىكى نىشانلىق گۇرۇپپىلار نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغانىدى (74). ئىلگىرىكى تەجرىبىلەردىن مۆلچەرلەنگىنىدەك، بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان نازارەت ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى كۈچەيتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ

كۆچلۈك قارشىلىقنى قوزغىدى ۋە نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار بىلەن بىختەرلىك ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ـــ بولۇپمۇ ئۇيغۇر رايونىنىڭ جەنۇبىدا ـــ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.

2014 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن كېيىن، ھەم بىختەرلىك قىسىملىرى، ھەم ئۇيغۇرلار قوزغىغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرى تېخىمۇ تېز كۆپەيدى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەردى. ئالدىنقى يىلدىكىگە ئوخشاشلا، بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ نۇرغۇنى ئۆيمۇ ئۆي تەكشۈرۈش ۋە ساقچىلارنىڭ «تۇيۇقسىز ھۇجۇمى» سەۋەبىدىن كېلىپ چىققاندى (75). بۇنىڭدىن باشقا ۋەقەلەر بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ياكى ساقچىخانا ۋە ھۆكۈمەت بىنالىرىغا قىلغان ھۇجۇملىرى ئىدى (76). 2014 ـ يىلى 7 ـ ئاي ۋە 8 ـ ئايلاردا زوراۋانلىق ۋەقەلىرى قايتىدىن بارغانسېرى سىياسىيلىششقا باشلاپ، ئاقسۇدىكى بەش ئەدلىيە ئەمەلدارى ۋە قەشقەردىكى چوڭ مەسچىت (ھېيتگاھ)نىڭ ئىمامى (جۇمە تاھىر) قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. مەزكۇر ئىمام يەرلىك تاراتقۇلاردا دۆلەتنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» تەدبىرلىرىنى ئاشكارا قوللاپ كەلگەنىدى (77).

ھالبۇكى، 2014 ـ يىلدىكى ئەڭ ۋەھشىي زوراۋانلىق 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يەكەن ناھىيەسىدىكى ئېلىشقۇ دېگەن يېزىدا، سىرلىق پەردە ئىچىدە يۈز بەردى. خىتاي دائىرىلىرى بۇنىڭ ساقچىخانىغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك «تېرورلۇق» ھۇجۇمى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئۇيغۇرلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ روزا تۇتۇشىغا قويۇلغان چەكلىمىلەرگە ۋە ساقچىلارنىڭ ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە قارشى نامايىشنىڭ باستۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى دېيىشتى (78). خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، مەزكۇر زوراۋانلىقتا 96 ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتالمىش «تېرورچى»دىن ئەللىك توققۇزى بار ئىدى. ئەمما «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» بۇ ۋەقەدە ئىككى مىڭدەك ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى (79). مۇستەقىل ئاخباراتچىلارنىڭ خەۋەرلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، مەزكۇر ۋەقە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى «قانۇنسىز دىنىي يىغىلىش»قا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئادەتتىكى يىغىلىشلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى (80). نېمە ئىش يۈز بەرگەن ۋە باش جاۋابكارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋەقە روشەن ھالدا بىر مەيدان قەتلىئامغا ئايلىنىپ، يەرلىك خەلقنى ئېغىر روھىي زەربىگە ئۇچراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلقئارالىق ئاخباراتچىلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەش مەقسىتىدە بۇ يەرگە قىلغان سەپەرلىرى ئۇتۇقسىز بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سەپەرلەر مەزكۇر رايوننىڭ ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ تامامەن قامال قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى (81). بۇ ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى جاڭ چۈنشيەن «دۆلەتنىڭ (ئاتالمىش «تېرورلۇق»قا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى) تەدبىرلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىلىدىغانلىقى»نى ئېنىق بىلدۈرۈپ، شۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم قاتتىق، دەل جايىغا، (ئاتالمىش «تېرورچى» ئۇيغۇرلارنى)

چۆچۈتكۈدەك زەربە بېرىشىمىز كېرەك ... بىز بۇ رەزىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتا، چوقۇم تەلتۆكۈس يوقىتىشنى نىشان قىلىشىمىز كېرەك ... (ياۋا) ئوت ـ چۆپنى يوقىتىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنى يىلتىزىدىن يۇلۇۋېتمەي بولمايدۇ» (82).

2015 ـ يىلىدىمۇ 2014 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش بىر قاتار زوراۋانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەردى. گەرچە بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 2013 ـ ۋە 2014 ـ يىللىرىدىكىگە ئوخشاشلا، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە جايىنى قاپلىغان «تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى»غىمۇ بىر قاتار ھۇجۇملار قىلىنىشقا باشلىغانىدى (83). بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ خىل «تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى»غا قىلىنغان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇمدىن ئۈچى بار بولۇپ، بۇلاردىن ئىككىسى شۇ يىلى 5 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ۋە قاراقاش ناھىيەلىرىدە يۈز بەرگەن؛ يەنە بىرى، شۇنداقلا ئېخىمۇ ئەجەللىكى، 6 ـ ئايدا قەشقەردە يۈز بەرگەن (84). 2015 ـ يىلىدىكى ئەڭ ئېغىر زوراۋانلىق دېيىشكە بولىدىغان ۋەقە 9 ـ ئايدا ئاقسۇغا يېقىن جايدا (باي ناھىيەسىدە، ت) يۈز بەرگەن بولۇپ، ئېيتىلىشىچە ئۇيغۇرلار ياتىقىدا ئۇخلاۋاتقانىدا ئەللىك نەپەر خىتاي كان ئىشچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن (85). ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلغان كۆپ قىسىم زوراۋانلىققا ئوخشاش، بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. گەرچە خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە مەزكۇر كان ھۇجۇمى توغرىسىدا خەۋەر بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقەنى خەۋەر قىلغان ھامان، يەنە بىر قېتىم بۇنىڭ خەلقئارالىق جىھاد تورىغا باغلىنىشلىق «تېرورلۇق» تەشكىلاتىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (86). بۇ رايوندىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ماڭا بۇ ۋەقەنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇ جايدىكى يەر ماجىراسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ۋەقە سادىر قىلىش مۇددىئاسىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىخەتەرلىك قىسىملىرى بۇ ھەرىكەتنى سادىر قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن 28 ئۇيغۇرنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ھەپىلەشپىمۇ يۈرمىدى (87). دائىرىلەر يەنە بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق دەپ ئەيىبلەنگەن باشقا ئىككى ئۇيغۇرنىمۇ قولغا ئالدى، شۇنداقلا خىتاي تاراتقۇلىرى شۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تارقاتتى. ئۇ (يەنى مەزكۇر سۆھبەتكە قاتناشقان ئۇيغۇر) بۇ قاتىللىقنىڭ جىھاد ھەرىكىتى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى (88).

2014 ـ يىلىدىن 2015 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي تارىم ئويمانلىقىدا زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ئەۋجىگە چىققانلىقتىن، رايوندىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىمۇ مۆلچەرلەنگىنىدەكلا ئېخىمۇ كۈچەيتىلدى. 2016 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەھەرلەردىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ شەھەرنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنلىكى ۋە ئېخىمۇ كۆپ ساقچى ۋە كۆزىتىش كامېراسى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىۋاتقانلىقى

توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالدى (89). (بۇ چاغقا كەلگەندە) نامازغا ئەزان ئوقۇشمۇ چەكلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە (شەرقىي تۈركىستاندا) سەپەر قىلىشىغا تېخىمۇ قاتتىق چەك قويۇلدى. خىتاي ھەتتا ئەرەبچىدىن كىرگەن ۋە دىنىي پۇراقتا ئىگە بىر قاتار بالىلار ئىسىملىرىنىمۇ چەكلىدى (90). خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ رەھبىرى جاڭ چۈنشيەننىڭ سۆزىگە كۆرە، 2016 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە، بۇ تەدبىرلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى زور دەرىجىدە ئازايتقان. ئەمما يېنىك زوراۋانلىق ۋەقەلىرى داۋاملىق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، خەۋەر قىلىنمىغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن .(91)

گەرچە بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە ياشايدىغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرى ماڭا ئۆز ئىشلىرىنىڭ مۇشۇ خىل شارائىتتا روناق تاپقانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ئۇيغۇرلارغا ـــ بولۇپمۇ يېزىلاردىكىلەرگە ـــ نىسبەتەن، مەزكۇر رايوندىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بېسىمى 2016 ـ يىلى يازدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندى. دەرېن بايلېر (Darren Byler) ئۆزىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يېزىلاردىن كېلىپ ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقانلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئۆيلەرنىڭ ھەر كۈنى كەچتە دېگۈدەك تەكشۈرۈلۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بېسىم يېزا ئۇيغۇرلىرىنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىپ، ئۇلارنى ئېغىر روھىي زەخمىگە دۇچار قىلدى (92). بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈلۈشى يېزا ئۇيغۇرلىرىنى شەھەر رايونىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان يېزا ـ قىشلاقلارغا بەند قىلدى (93). بۇ خىل بېسىم 2010 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلاردا جۇغلىنىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زوراۋانلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىغا سەۋەب بولدى. ھالبۇكى، بىر قىسىم يېزا ئۇيغۇرلىرى بۇ بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ باشقا يولىنى تاپتى، يەنى يۇرت ـ ماكانلىرىنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتتى.

## ۋەتەننى تەرك ئېتىش

گەرچە 2010 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىغىچە قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ خىتايدىن ئايرىلغانلىقى توغرىسىدا رەسمىي ئىستاتىستىكا بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ سان چوقۇم نەچچە ئونمىڭ، كەم دېگەندە ئوتتۇز مىڭ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بۇ 1962 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تەخمىنەن ئاتمىش مىڭ ئۇيغۇر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە قاچقاندىن بۇيانقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئەڭ چوڭ كۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، 2010 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ كۆچۈش 1962 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يۈز بەرمىگەن، شۇنداقلا كىشىلەر شۇ چاغدىكىدەك ئوخشاش بىر چېگرادىنلا چىقىپ كەتمىگەن. ئەكسىچە، ئۇ (يەنى بۇ قېتىملىق چوڭ كۆچۈش) بىر نەچچە يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، سەپەر شەكلى خىلمۇخىل، چېتىلىدىغان چېگرامۇ كۆپ ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە خىتايدىن ئايرىلىشنىڭ «قانۇنسىز» ۋە «قانۇنىي» يوللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

كۆپىنچە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، كەم دېگەندە 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلقئارالىق ساياھەت پاسپورتى ئېلىش پەۋقۇلئاددە مۇشكۇللىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداقلا، 2009 ـ يىلىدىن كېيىن، پاسپورت ئېلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلىرىدىن باشقىلىرى ئۈچۈن ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالدى (94). بۇنىڭدىن باشقا، پاسپورتى بارلار ئۈچۈنمۇ بىر تەلەپ بار بولۇپ، ئۇلار پاسپورتلىرىنى دۆلەتلىك ساياھەت كوپىراتىپلىرىغا ياكى يەرلىك ساقچىخانىغا تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە بۇ پاسپورتلارنىڭ ئىگىلىرىنى چەتئەلگە چىقىش ئۈچۈن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشقا مەجبۇرلىغانلىق ئىدى (95). بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار —— بولۇپمۇ جەنۇبتىكى يېزىلاردىكىلەر —— ئادەم ئەتكەسچىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق پاسپورتسىز ھالدا قانۇنسىز قېچىشقا باشلىدى. گەرچە بۇ لىنىيەلەر خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئادەتتە ئۆز يۇرتىنىڭ چېگرالىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىياغا قېچىشنى تاللاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاساسەن يېڭى ئىدى. ھالبۇكى، 2009 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق خىتايدىن چىقىپ كېتىدىغان لىنىيەلەردە كۆپلەپ قاتنىدى. 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، كامبودژا خىتايدىن قېچىپ چىققان، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 18 ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى ۋە ئۇلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار خىتايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قۇرامىغا يەتكەنلەر قولغا ئېلىنىپ، ئىككىسى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى (96). يەنە شۇنىڭدەك، لائوس 2010 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەتتە ئۇيغۇرنى (خىتايغا) ئۆتكۈزۈپ بەردى (97). مالايسىيامۇ 2011 ~ 2012 ـ يىللىرى ئارىسىدا، (پاسپورت دېگەندەك) ئالاقىدار ماتېرىياللىرى يوق ھالەتتە مالايسىياغا كىرگەن 17 ئۇيغۇرنى (خىتايغا) ئۆتكۈزۈپ بەردى (98). گەرچە بۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش قىلمىشلىرى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما تاكى تايلاند دائىرىلىرى 2014 ـ يىلى ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 424 ئۇيغۇرنى —— ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەخمىنەن 200 كىشى تايلاندنىڭ سوڭكلا (Songkhla) ئۆلكىسىدىكى مەلۇم بىر ئادەم ئەتكەسچىلىرى لاگېرىغا يوشۇرۇنغانىدى —— قولغا ئالغانغا قەدەر، خەلقئارا جەمئىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق چەتئەلگە كۆچۈش دولقۇنىنىڭ ھەقىقىي سالمىقىنى تونۇپ يەتمىگەنىدى (99). بۇ ئۇيغۇرلار

ئۆزلىرىنىڭ تۈركىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، تايلاند بولسا خىتاي بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇساپىرلارنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان دىپلوماتىك ماجىراغا كىرىپ قالغانىدى. گەرچە تايلاند تەخمىنەن 170 مۇساپىرنى ـــ بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاياللار ۋە باللار ئىدى ـــ تۈركىيەگە يولغا سالغان بولسىمۇ، ئەمما 2015 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 109 ئۇيغۇر ئەرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى (100).

ھالبۇكى، تايلاندتا قولغا ئېلىنغان بۇنچە كۆپ مۇساپىرمۇ پەقەتلا 2010 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئادەم ئەتكەسچىلىكى لىنىيەلىرى ئارقىلىق خىتايدىن قاچقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئىدى، خالاس. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق خىتايدىن قاچقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىيەگە بېرىشنى پىلانلىغان، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ يەردە پاناھلىنالايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە قانداق بېرىش توغرىسىدا (ئېنىق) پىلانى بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى. تۈركىيەدىكى مەن پاراڭلاشقان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن تۈركىيەگە كېلىش سەپىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى قولايلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ، بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ھۆكۈمەتلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەن. گەرچە 2010 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق خىتايدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق سانىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ پائالىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ 2012 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تەخمىنەن ئون مىڭ ئۇيغۇرنى مالايسىيا ۋە تايلاندتىن تۈركىيەگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنغان ۋاقىتتا، بەزى ئۇيغۇرلار يەنىلا مالايسىيا ۋە تايلاندتىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ دۆلەتلەردە ھېلىھەم كىملىكسىز كۆچمەن ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى.

بىرەسمىي پاكىتلارغا كۆرە، بۇ مۇساپىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردىن، بولۇپمۇ يېزىلاردىن كەلگەن. مەن 2016 ـ يىلى يازدا، تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھىرىدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق خىتايدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغىنىمدا، مەن ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قەشقەر، خوتەن، يەكەن ۋە ئاقسۇ ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن كەلگەن بولۇپ چىققانىدى. ئۇلار ساقچىلارنىڭ بېسىمىنىڭ، جۈملىدىن توختىماي ئۆي تەكشۈرۈش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)دىن ئايرىلىشتا قەتئىي قارارغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى تىنچ يوسۇندا ئادا قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقى ۋە باللىرىنىڭ خىتايچە مەكتەپلەردە ئوقۇشقا مەجبۇرلانغانلىقى سەۋەبلىك قېچىپ چىقىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ (ئۆز ۋەتىنىدىن) ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغان بۇ ئامىللار «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ بىر پارچە دوكلاتىنىڭ نەتىجىسى بىلەن بىردەك بولۇپ، مەزكۇر

دوكىلاتتىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق خىتايدىن قېچىپ تۈركىيەگە كەلگەن مۇساپىرلار زىيارەت قىلىنغانىدى (101). «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ كۆرسىتىشىچە، مەزكۇر مۇساپىر ئائىلىلەردىكى ئۇيغۇر ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي تۈرمىلىرىدە يېتىپ باققان بولۇپ، (تۈرمىدىن) قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ دائىرىلەرنىڭ ئالاھىدە نازارەت قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان (102).

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنى كۆپلىگەن ئۇششاق بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئائىلە بويىچە قېچىپ چىققان. ئۇلار ماڭا خىتاينىڭ يۈننەن ۋە گۇاڭشى ئۆلكىسى ئارقىلىق لائوس، ۋيېتنام ۋە بىرما چېگرالىرىدىن ئۆتىدىغان ئېچىنىشلىق سەپەر جەريانىنى سۆزلەپ بەردى (103). مەن پاراڭلاشقان كىشىلەر ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەرنىڭ يولدا كېسەل ياكى ھادىسىدە قازا قىلغانلىقىدەك يۈرەكنى ئېزىدىغان ۋەقەلەرنى، شۇنداقلا ئەتكەسچىلەرنىڭ قولىدا تۇرغان ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ تولىمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قېتىملىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى توغرىسىدا يەنىلا نۇرغۇن سىرلار بار. زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلار «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»غا خىلمۇخىل ھېكايىلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ خىتايدىن چەتئەلگە تۇتاشقان مەزكۇر «يەر ئاستى تۆمۈر يولى» ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغانلىقىنى، بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئادەم ئەتكەسچىلىكى شايكىلىرىغا چېتىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ خىل قېچىش پۇرسىتى بارلىقىنى دوستلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىلگەنلىكىنى ئېيتتى، ئەمما ئىككىيلەن ماڭا خىتاي ئەتكەسچىلەرنىڭ بىۋاسىتە ئۇلارنىڭ كەنتىگە كېلىپ، ئۆزلىرىدىن چېگرادىن چىقىپ كېتىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىغانلىقىنى ئېيتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن بۇ كۆچۈشنىڭ كۆلىمىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئۇنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە بۇنىڭ «ئىسلامىي <ئاشقۇن ئۇنسۇرلار> تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنى يەرشارىۋى جىھادقا قاتناشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان ئادەم ئەتكەسچىلىكى گۇرۇھى» ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى. خىتاي دائىرىلىرى مەزكۇر ئاتالمىش «جىھادىي ئادەم ئەتكەسچىلىكى گۇرۇھى»نى 2014 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كۇنمىڭ ۋوگزالىغا قىلىنغان ھۇجۇمغا، شۇنداقلا 2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گۇاڭشى ئۆلكىسىدە چېگرادىن ئۆتمەكچى بولغان 21 ئۇيغۇر قولغا ئېلىنىپ، بىر ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلگەن ۋەقەگە چېتىشلىق دەپ ئەيىبلىدى (104). خىتاي ھۆكۈمىتى 2015 ـ يىلى تايلاندتىن خىتايغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 109 ئۇيغۇر ئەر توغرىسىدىمۇ يەنە يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايانات ئېلان قىلدى (105).

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەن تۈركىيەدە زىيارەت قىلغان ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن خىتايدىن قېچىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ

باقمىدى، ھەتتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى يېقىندىن كۆزىتىدىغان «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرىمۇ بۇ گەپكە گۇمان بىلەن قارىدى (106). ھالبۇكى، بۇ مۇساپىرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىگە پاناھلىق بېرەلەيدىغان جىھادىي تەشكىلاتلارغا قاتناشقانلىقى ئېنىق. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى نېمە سەۋەبتىندۇر ئەيتاۋۇر، ھىندونېزىيەدىكى «شەرقىي ھىندونېزىيە مۇجاھىدلىرى»نى (East Indonesia Mujahideen) ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشكىلاتلارغا ئىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچىسى سۈرىيەدىكى ھەرىكەتلىرىگە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان (107). مالايسىيا ۋە تايلاندتىكى مۇساپىرلارنىڭ تۈركىيەگە كېلىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بۇ ئىككى دۆلەتكە بارغان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن ئادەم قوبۇل قىلىۋاتقان، تۈركىيە گىراژدانى بولمىش بىر ئۇيغۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. گەرچە بۇ كىشىنىڭ قانچىلىك ئۇيغۇرنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئەزا قىلالىغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر قىسىم مۇساپىرلار ئۈچۈن، بىۋاستە سۈرىيىگە بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئاۋۋال تۈركىيەگە بارىدىغان باشقا بىر لىنىيە ئاچقان بولۇشى مۇمكىن.

2014 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ئېقىش يولىنى توسقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار يەنىلا خىتايدىن قېچىپ چىقىشنىڭ يوللىرىنى تاپالاۋاتاتتى. 2014 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنى ساختا پاسپورت بىلەن تەمىنلەيدىغان، تۈركىيە باشچىلىقىدىكى شايكىنى تارمار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە يەنە بىر قېتىم بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنى يەر شارىۋى جىھادقا ئەۋەتىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى (108). نەتىجىدە، ئون نەپەر تۈركىيە پۇقراسىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە خىتاينىڭ «تۈركىيە ئۇيغۇرلارنىڭ <تېرورلۇق> تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىشىغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ» دېيىشى سەۋەبلىك، تۈركىيە بىلەن خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىدە سۈركىلىش كۆرۈلدى. بۇ ئاتالمىش ساختا پاسپورت تارقىتىش سىستېمىسىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقىي ھېكايىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋەقەدىن كېيىن، كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن ئايرىلىدىغان ـــ جۈملىدىن ساختا پاسپورت ئارقىلىق ـــ قانۇنسىز يوللىرى يوققا چىققاندەك قىلاتتى.

ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىيىگە يارىشا، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يەرلىك خىتاي دائىرىلىرى 2015 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ ئادەتتىن تاشقىرى بىر سىياسەتنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. بۇ سىياسەتكە كۆرە، پاسپورتى دۆلەت تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى قولغا ئېلىشىغا يول قويۇلدى، شۇنداقلا پاسپورتى يوقلارمۇ پاسپورت ئىلتىماس قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. مۆلچەرلەنگىنىدەك، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسلىدىكى پاسپورتىنى قولغا ئېلىپ ياكى

يېڭى پاسپورت ئېلتىماس قىلىپ، قانۇنلۇق ھالدا خىتايدىن ئايرىلدى ۋە كۆپىنچىسى تۈركىيەگە كەلدى. نەتىجىدە، خېلى زور ساندىكى ئۇيغۇرلار 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئايروپىلان ئارقىلىق قانۇنلۇق ھالدا تۈركىيەگە يېتىپ كېلىپ، بۇ رەۋىشتە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى توپىغا قوشۇلغانلارنىڭ سانى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكى يولى ئارقىلىق كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. جاڭ چۈنشيەن مەزكۇر بىنورمال ماداراچىلىق سىياستى توغرىسىدا (شەرقىي تۈركىستاندىن) يۆتكەپ كېتىلىشتىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن ئۆزى بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك قىلاتتى. جاڭ چۈنشيەننىڭ نىمە ئۈچۈن 2015 ـ يىلى ئۇيغۇرلارغا پاسپورتنى قايتۇرۇپ بەرگۈسى كېلىپ قالغانلىقى ئېنىق ئەمەس، مەزكۇر سىياسەتنىڭ مۇددىئاسى ھەققىدە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۈزۈن ۋە ئاشكارا يورۇشلۇق ھۆججەتلەرمۇ يوق.

ھالبۇكى، مۇمكىن بولغان بەزى مۇددىئالارنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى يەنىلا ئۇيغۇر رايونىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى زوراۋانلىق ۋەقەلىرى يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان بولغاچقا، جاڭ چۈنشيەن «نارازىلىقى بار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئايرىلىشىغا يول قويغان تەقدىردە، مەزكۇر رايوندىكى دۆلەت تەرىپىدىن <ئۈچ خىل كۈچ>نىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان دەپ قارالغانلارغا قارىتا <ئىختىيارىي> مىللىي تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ بەلكىم ئۇيغۇر خەلقىنى نازارەت قىلىشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش جەھەتتىكى دەسلەپكى ئۇرۇنۇش بولۇشىمۇ مۇمكىن. خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى پۇقرالارغا سېلىشتۇرغاندا، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنىڭ پاسپورت ئېلتىماس قىلىش تەرتىپى بەكلا قاتتىق بولۇپ، ئاۋاز ئەۋرىشكىسى، DNA ۋە 3D سۈرەت قاتارلىق بىئولوگىيىلىك سانلىق مەلۇماتلار تەلەپ قىلىناتتى (109). مۇددىئانىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سىياسەت يولغا قويۇلغان ئايلاردا مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ (ئۆز ۋەتىنىدىن) ئايرىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 2016 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن تەدرىجىي ۋە سىستېمىلىق ھالدا مۇسادىرە قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەزكۇر سىياسەت يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى (110).

يۇقىرىدىمۇ قىسقىچە توختالغىنىمىزدەك، تۈركىيەگە يېڭى كەلگەن بۇ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى سانى خېلى كۆپ بولغان بىر تۈركۈم كىشى سىرلىق رەۋىشتە سۈرىيەگە بېرىپ، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سېپىدە جەڭ قىلىشقا باشلىدى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»مۇ تۇيۇقسىزلا تارىخىدا تۇنجى قېتىم چوڭ ۋە ئەسلىھەلىرى تولۇق قوشۇنغا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇمۇ خىتاينىڭ 2001 ـ يىلىدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر «تېررورلۇق تەھدىتى»گە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىشتىكى «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت»نىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر. ئەمما، دىققەت قىلىشقا

**ئەرزىيـدىغـىنـى شۇكـى، «تۈركـىـستان ئـىـسلام پـارتـىيەسـى»نـىڭ سۈرىيەدىكـى يېڭى نۇسـخىسـى بەيـئەت (ساداقەتمەنلىك) جەھەتتە بىر قانچە يىل ئىلگىرىكى پاكىستاندىكىگە ئوخشاش تەشكىلات بولۇشى ناتايىن ئىدى.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**(داۋامى كېيىنكىساندا)**

*** نەقىل مەنبەلىرى ئۆچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىڭ**



ئابدۇجېلىل تۇران

# ئابدۇجېلىل تۇران كىم؟

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئابدۇجېلىل تۇران 1958 ـ يىلى خوتەن شەھەر ئىچىدىكى مۆتىۋەر دىنىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپكى دىنىي تەلىم ـ تەربىيەنى دادىسى مەرھۇم مۇھەممەت ئابدۇللاھ مەخسۇم ھاجىمدىن ئالغان. يىراقنى كۆرەر ئۆلىما مۇھەممەت ئابدۇللا مەخسۇم ھاجىم ئوغلىنىڭ چەتئەلدە ئوقۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئابدۇجېلىل تۇران 1983 ـ يىلى دادىسى بىلەن بىللە ھەج باھانىسى بىلەن چەتئەلگە چىققان ۋە قايتىش سەپىرىدە دادىسى ئۇنى پاكىستاندا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ۋەتەنگە قايتقان. ئاندىن، ئۇ 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىسىرغا بېرىپ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئەزھەردە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1987 ـ يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ئىستانبۇلغا يەرلەشكەن.

ئابدۇجېلىل تۇران تۈركىيەگە كەلگەندە، ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى بىردىنبىر تەشكىلاتى بولغان شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ رەئىسى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە گېنېرال مەھمەت رىزابېكىنلەر تېخى ھايات ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇجېلىل تۇران تەڭتۇش ياشلار بىلەن بىللە مەزكۇر ۋەخپىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، نەشرىيات ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان.

1992 ـ يىلى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن تۈنجى قېتىم ئېچىلغان «شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلتىيى»دىن كېيىن، دەۋا يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىستېبداتلىق ياشلار تۈركىيەدە جەم بولۇشقا باشلىغان. ئەنە شۇ چاغدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتى بىلەن نەشرىياتچىلىققا قەدەم باسقان ئابدۇجېلىل تۇران شەرقىي تۈركىستاندا نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان بىرقىسىم مۇھىم كىتابلارنى ئۆز نامىدا باستۇرغان.

ئۇ 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە سىستېمىلىشىشقا يۈزلىنىپ، «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» نامى بىلەن رەسمى نەشرىيات ۋە يۈز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ياۋرو ـ ئاسىيا ۋەخپىنى قۇرغان. شۇنداقلا، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

بۇ جەرياندا، ئۇ ۋەتەندە يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابلارنى ئۆزلۈكسىز ھالدا بىر ئاماللار بىلەن ئەكەلدۈرۈپ سكانلاپ ئۇيغۇر ۋەب (www.uyghurweb.com) بېتىدە ئېلكىتاب قىلىپ تارقاتقان. ئۇ تورغا چىقارغان تالاي كىتابلارنى ۋەتەن ئىچىدىمۇ كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر چۈشۈرۈپ پايدىلانغان. شەخسەن مەنمۇ

ۋەتەندىكى ئەھۋال سەل ياخشى ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇر ئېلكىتاب تور بەتلىرىدە «ئابدۇجېلىل تۇران» دەپ تامغا بېسىلغان بىرقىسىم كىتابلارنى ئۇچراتقانىدىم.

ئۇستاز ئابدۇجېلىل تۇران بىر قىسىم دىنىي ئەسەرلەرنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشتىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت كىتابلارنىڭمۇ مۇئەللىپىدۇر. ئۇ ئۇنىۋېرسال جامائەت ئەربابى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئىگىلىنىشىچە ئابدۇجېلىل تۇران ھازىرغا قەدەر نەشر قىلغان كىتابلار 300 پارچىدىن ئاشىدىكەن. ئابدۇجېلىل تۇراننىڭ شەخسىي كۈتۈپخانىسىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلار بىر تۈركۈم ئاكادېمىكلارنىڭ ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەرەبلەرمۇ ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىدىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ئەرەبچە كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. مەن ئۇنىڭ دادىسى مەرھۇم ئۇستازىم مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇمدا بەدان، مەئزى، كاپىيە، مۇختەسەر ۋاقايە ۋە شەرھى ۋاقايە قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئەينى دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك كىتابلار دەپ قارالغان «ئەقىدەتۇل مۇئمىن»، «فىرقەتۇنناجىيە» قاتارلىق ئەرەبچە كىتابلارنى باستۇرۇپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىكى ئەرەبچە بىلىدىغان كىشىلەرگە ھەقسىز تارقاتقانلىقىغا بىۋاستە شاھىت بولغان ئىدىم. ئۇستازنىڭ مىڭبىر گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن چەتئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن قويۇپ كەتكەن ئوغلى ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىنىڭ دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ۋە «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» نەشر قىلغان كىتابلارنى ئىز قوغلاپ ئوقۇپ كەلگەن بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىمىزغا چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدە كىتابلىرىمىز رەھىمسىزلەرچە يوق قىلىنىۋېتىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» يادرولۇق بىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ، مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئابدۇجېلىل تۇران ئاكا نەشر قىلغان كىتابلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق قوللىشىغا تىلەكداشلىقىمنى بىلدۈرىمەن.



# ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە خىتاي

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە خىتاي

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

**خىتاينىڭ ھازىرقى ئۇكرائىنا ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنى كەلگۈسىدىكى نۇرغۇن خىرىسلاردىن ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندىمۇ، بېيجىڭ كەلگۈسىدە بەربىر مەلۇم «ئاجىز غالىب» بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. چۈنكى خىتايغا نىسبەتەن ئاجىز رۇسىيە كۈچلۈك خوشنا رۇسىيەدىن كۆپ ياخشى.**

**دۇنيانىڭ ئۆزگەرگەنلىكى، خەلقئارا زومىگەر كۈچلەرنىڭ ئورنى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ تەڭپۇڭلۇق خەرىتىسىنىڭمۇ ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىپ بولغىنىدا قىلچە شەك يوق. چۈنكى ھازىرقى ئامېرىكا بۇرۇنقى ئامېرىكا ئەمەس، ياۋروپامۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى خارابىلاشقان ياۋروپا ئەمەس، رۇسىيەمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئاجىز رۇسىيە ئەمەس بولغىنىغا ئوخشاشلا، خىتايمۇ بۇرۇنقى نېمە دېسە خوش دەپ تۇرىدىغان ۋە بېكىنمىچىلىك ئىچىدە قالاقلىشىپ كەتكەن زەئىپ خىتاي ئەمەس.**

**شۇنداق، ھازىرقى خەلقئارا سىستېمىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردە بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان بارلىق ئۇرۇنۇشلار يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ھالبۇكى، بۈگۈنكى دۇنيا تېخىمۇ ئادىل ۋە باراۋەر بولغان يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى تېخىچە ئورنىتالمىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرقى ئۇكرائىنا ئۇرۇشىغىچە داۋاملاشقان ئوتتۇز يىلدىكى خەلقئارالىق تەڭپۇڭلۇق يىمىرىلىش باسقۇچىغا كىردى. ئەمدى بۇ ئوتتۇز يىللىق بوشلۇقنى تولۇقلايدىغان يېڭى بىر دۇنياۋى تەرتىپنى تېزدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، دۇنيادا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئورناتقىلى بولمايدۇ.**

### 1. شىمالىي ئاتلانتىك دەۋرى ئاخىرلىشىپ ياۋرو ـ ئاسىيا دەۋرى قايتا باشلىنامدۇ؟!

هازىر ئۆزئارا توقۇنۇشۋاتقان خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى يېڭى دۇنيانىڭ خوجايىنلىرى بولۇشى ناتايىن. ئامېرىكانى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئەڭ تەلەيلىك، زېمىنى ئۇرۇشتىن يىراق، تارتقان زىيىنى ھەممىدىن ئاز دۆلەت بولغاچقا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا سىستېمىغا رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى. دەل ئەكسىچە، ئەينى چاغدىكى دۇنيانىڭ خوجىلىقىنى تالاشقان ئېنگىلىزلار، گېرمانلار ۋە رۇسلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، ھەممىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، ئامالسىز ئامېرىكانىڭ دۇنياۋى رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق رۇسىيە يەنىلا تەن بەرمەي، پات-پات ئامېرىكا بىلەن تۆر تالىشىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىۋاتىدۇ. ناۋادا ئىككى چوڭ دۆلەت بىۋاسىتە تۇتۇشۇپ قالسا، دۇنيادا يېڭى بىر كۈچ باش كۆتۈرۈشى مۇمكىن. پۈتۈن دۇنيا ھازىر ئۇ كۈچنىڭ دەل خىتاي ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىۋاتىدۇ. رايونلۇق چوڭ كۈچلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پائالىيەتلەرنى كۆپلەپ ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا قارىغاندا، بىز ھازىر كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك قىلىمىز. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ھەر قايسى كۈچلەر تاشقى سىياسەتتە ئىككى چوڭ لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق تەڭپۇڭلۇقنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلغان بولسا، كوممۇنىزىم لاگېرى ھالاك بولغاندىن كېيىن بىر قۇتۇپلۇق دۇنيانىڭ رەپتارىغا بېقىپ تاشقى سىياسەتنى بەلگىلەپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، تۈركىيە ۋە ئىرانغا ئوخشاش رايون كۈچلىرى سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ مۇستەقىل ھالدا يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ھازىرقى خەلقئارا سىستېمىنىڭ كونا قۇرۇلمىسى ئۆلارنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە گەۋدىلىك ئامىل قاتارىدىن چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ھازىرقى دۇنياۋى قۇرۇلما مەيلى قانداق شەكىلدە بولسۇن «قۇتۇپلىشىش» ھالىتىدىن يۆتكىلىپ كەتتى. شۇڭلاشقا بۇندىن كېيىنكى دۇنيا قۇتۇپسىزلىشىش ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك دۇنياسى بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ (1). ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئۇرۇشقا قايتۇرغان ئىنكاسلىرى بۇنىڭ جانلىق بىر مىسالى، خالاس.

## 2. ئامېرىكا دەۋرىنىڭ ئاخىرلىششى:

3-دۇنيا ئەللىرى ئامېرىكانىڭ كۈچى ۋە مەۋجۇتلۇقىدا چىڭ تۇرۇشىغا قارىماي، سابىق پرېزىدېنت دونالد ترامپتىن كېيىنكى مەۋجۇت ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئۈمىدسىزلىك، ئاجىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنى بىلىدۇ. ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىشتىن، پارس قولتۇقىدىكى ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرىدىن بىراقلا ۋاز كېچىشكىچە بولغان ئاملار ھەممە ئەرەب ئەللىرىدە بۇ گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە. ئامېرىكانىڭ نەزەرىيەچىلىرىمۇ دۆلىتىنىڭ چېكىنىش يولىغا ماڭغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئالەم بوشلۇقى ھەربىي ھازىرلىق مۇسابىقىسىغا ئىشتىراك قىلىشقا ئاساسەن ئۇرۇنمايدىغانلىقىنى، بەلكى بۇ

چۆكۈش ۋە چېكىنىشنى توغرا پەرەز قىلىپ، شۇ بويىچە مۇۋاپىق پىلان ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنى تولۇق يىمىرىلىپ كېتىشنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى دەرىجىلىك كۈچلەردىن بىرىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئامېرىكالىق مۇتەپەككۇر روبېرت كاپلان ئۆز سۆزىدە، ئامېرىكاغا نىسبەتەن ئاستا ـ ئاستا ھالاك بولۇش ئېھتىماللىقىغا تەييارلىق قىلىش ۋە كۈچلۈك بىر دۆلەت سۈپىتىدە يەنىمۇ دەۋر سۈرۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن تىنچ چېكىنىپ چىقىشنىڭ مۇۋاپىق مېخانىزمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ياخشى نەرسە يوق، دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئاتامانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كەشىپ قىلغان «يەر شارىلىشىش» يولىدىن باشقا كۈچلەر (ئاساسلىقى يەنىلا خىتاي) پايدىلىنىپ، بۇ سىستېمىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئامېرىكانىڭ ئۇنىۋېرسال نوپۇزىنى پەيدىنپەي ئاجىزلىتىپ، ئامېرىكا چېكىنىپ چىققان ھەممە ساھەدىكى چوڭ بوشلۇقنى ئۆزى ئىگىلەپ ماڭدى (2).

2000 ـ يىلىدىن كېيىن ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەتتىكى مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپىدە زورئۆزگىرىش بولدى. 2000 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئاساسلىق زېھنى ياۋروپا، شەرقىي شىمالى ئاسىيا ۋە پارس قولتۇقى رايونىغا مىختەك مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، 2000 ـ يىلىدىن كېيىن خەلقئارالىق تەسىرى ۋە دىپلوماتىك رولى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان خىتاي ئامېرىكانىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك نىشانىغا ئايلاندى. پارس قولتۇقى رايونىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ۋە ئىراننىڭ يادرو كۈچىنىڭ ئېشىشى سەۋەبىدىن، ئوتتۇرا شەرق داۋاملىق ئىككىنچى ئورۇننى ساقلاپ قالدى. بىراق ياۋروپا قىتئەسىنىڭ مۇھىملىقى ئۈچىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بلىنكېن ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى دۇچ كېلىدىغان تەھدىتنى تۆۋەندىكى ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىغاندى:

1. ھەربىي تەھدىت: رۇسىيە، خىتاي، شىمالىي كورېيە ۋە ئىراندىن تەركىب تاپقان لۈكچەك ئەللەر گۇرۇھى.

2 . غەيرىي ھەربىي تەھدىتلەر: يۇقىرىقى دۆلەتلەردىن كەلگەن تۈرلۈك (تور ھۇجۇمى، مىش ـ مىش پاراڭ ۋە تاراتقۇلارنىڭ خاتا ئۇچۇرلىرى، ئامېرىكا ۋاكسىنىسىدىن گۇمان پەيدا قىلىشتەك ئۆسەك سۆزلەر قاتارلىقلار.....)

3. يەرشارىۋى ئورتاق كرىزىسلەر: مەسلەن، تېرورلۇق، مۇھىت بۇلغىنىش، كىلىمات ۋە COVID ـ 19 . . . قاتارلىقلار.

3. بېيجىڭنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا:

ختاينىڭ دىپلوماتىيە سىياستىدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مۈشۈكنىڭ رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى قارا ياكى ئاق بولسۇن، مۇھىمى چاشقان تۇتقان مۈشۈك ئەڭ ياخشى مۈشۈكتۇر». بۇ تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، بېيجىڭ دۇنياغا مۇنداق قارىدى:

(1) ئوتتۇرا شەرق چوڭ دۆلەتلەر ئۈچۈن قەبرىستانلىق. شۇڭا ختاي ھۆكۈمىتى ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ، ھەمىشە مۇرەسسەچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەردە ۋاستىچىلىق رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ختاي، مەزكۇر رايوندىكى پاتقاقلارغا پېتىپ قېلىپ، ئۆزىمۇ باشقا جاھانگىرلارغا ئوخشاش ئىمپېرىيەلەر قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىشنى قەتئىي خالىمايدۇ. ختاينىڭ قارىشىچە، ھازىرقى ئامېرىكانىڭ «ئوتتۇرا شەرق»نى تىزگىنلەش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتكەچكە، بۇ ئەھۋال رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ختاي بىلەن بولغان ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئامېرىكاغا داۋاملىق پۇتلىكاشاڭ ۋە تايىنىشقا بولمايدىغانلىقنى ھېس قىلغان ئەرەب ئەللىرى ھامان ختاينى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ. ختاي پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى نوپۇزىنى تىكلەپ چىقىشنى خالايدۇ.

(2) ختاي ياۋروپانىڭ جەنۇبىدىكى دۆلەتلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئەللەر ياۋرو كرىزىسىغا دۈچ كەلگەندىن بۇيان ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ ئاجىز دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىپ قالغان بولۇپ، يەر، ئۆي ـ مۈلۈك ۋە شىركەتلەر ئەڭ ئەرزان دۆلەتلەرگە ئايلانغاچقا، ختاي بۇ ئەللەرگە يۇمشاق كۈچى بىلەن سىڭىپ كىرىپ، زور ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ياۋروپادىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشنى خالايدۇ.

(3) ئۇزۇن مەزگىل ياۋروپالىقلار ۋە ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن ۋە ئۇلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئافرىقا قىتئەسى ختايغا نىسبەتەن تەڭرى ئاتا قىلغان بىر پارچە لوق گۆش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ختاي ئۇدا ئون يىلدىن بۇيان ئافرىقانىڭ بىرىنچى سودا ھەمراھىغا ئايلاندى. ناۋادا ختاي ئوتتۇرا شەرقتە، ياۋروپادا ۋە ئاسىيادا يېتىم قالدۇرۇلسىمۇ، پۈتۈن ئافرىقا قىتئەسىنى قولىدا

تۇتۇپ تۇرالىسىلا، يەنىلا ھازىرقى كۈچلۈك ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى خىتاي ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزئارا قۇرۇق گەپ تالىشىش ۋە تالاش-تارتىشلىق مەسىلىلەرگە كىرىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ.

**4. رۇسىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان يېڭى ئىتتىپاقى:**

رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ بۇ يىل 4-فېۋرالدا، كورونا ۋىرۇسىدىن بۇيان تۇنجى بولۇپ خىتاينى زىيارەت قىلغان دۆلەت باشلىقى بولۇشى ئانچە تاسادىپىي ئەمەس. بۇ زىيارەت ئامېرىكانىڭ سابىق پرېزىدېنتى نىكسوننىڭ 1972-يىلىدىكى خىتاي زىيارىتىنىڭ 50 يىللىقىغا توغرا كەلدى. ئەينى چاغدا نىكسون بېيجىڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراق تۇرۇشقا قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ ئۇتۇق قازانغان بولسا، مانا ئەمدى بۇ قېتىم پۇتىن خىتاينى يېنىغا تارتىش ئۈچۈن كەلگەندەك بىر كۆرۈنۈش نامايەن بولدى. شۇ كۈنى ئىمزالانغان يېڭى كېلىشىمدىكى دەبدەبىلىك ئىبارىلەر غەرب ئەللىرىنى ئالاقزادە قىلغۇدەك بولسىمۇ، بىراق ئۇكرائىنا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ كېلىشىمنىڭ ئۇنچە قورقۇنچلۇق ۋە مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى بىلىۋالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي جەھەتتە، ئىككى دۆلەت ئورتاق پايدا ئالالايدىغان تېمىلاردا خىتاي رۇسىيەنى پائال قوللاپ كەلدى. ئالايلۇق، بېيجىڭ رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنانىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قوشۇلۇشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئامېرىكا ۋە غەربنى ئۇكرائىنانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا چاقىردى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان تېمىلاردا، خىتاي يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا بولدى. ئالايلۇق، قىرىم ۋەقەسىدىن كېيىن بېيجىڭ ئۇكرائىنانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەكىتلەپ، 30 يىلدىن بۇيان ھەر ئىككى دۆلەت بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى ۋە ئىككى دۆلەتنى تالاش-تارتىشنى تىنچ يول ۋە دىپلوماتىك يوللار بىلەن ھەل قىلىشقا ھەمدە سۆھبەتنىڭ لوگىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىردى. ئەپسۇس، بۇ قېتىمقى ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ ياخشىچاق بولۇش تاكتىكىسى ئۆز كۈچىنى ئانچە نامايەن قىلالماي قالدى. خىتايمۇ ئۆزىنىڭ ئىككى تاش ئارىسىدا قىسىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى.

**5 . خىتاينىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىكى تۈپ پوزىتسىيىسى ۋە مەيدانى:**

ئۇكرائىنا تەرەپتىن دۆلەت بىخەتەرلىكىگە داۋاملىق تەھدىت كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا موسكۋانىڭ قورال ئىشلىتىش تەھدىتىگە قارىماي، نۇرغۇن كىشىلەر تۆۋەندىكى بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇكرائىنا بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى ئۇرۇش ئېھتىماللىقىنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىدى:

(1) قۇدرەتلىك شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكانىڭ بالتىق دېڭىزى، ۋېنگرىيە، چېخ، رۇمىنىيە ۋە سېربىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئېغىر ھەربىي ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، تاكتىكىلىق ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك قورال ۋە قاتالاملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىلىرىنىڭ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.

(2) مەزكۇر شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا كىرىش ئىلتىماسى سۇنغان ۋە ئەزالىق مەسىلىسى تېخى بېكىتىلمىگەن دۆلەتلەرنى تېز سۈرئەتتە قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكى.

(3) ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ رۇسىيەنىڭ ئارقا ھويلىسى بولغان مەركىزىي ئاسىيا، ھىندىستان، تېنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيانغا ياي شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.

(4) ۋاشىنگتوننىڭ ئوتتۇرا شەرقتە ھەر ۋاقىت ھەر خىل شەكىلدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى چاقماق تېزلىكىدە ئېلىپ بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ زور ئىكەنلىكى.

(5) ئامېرىكانىڭ رۇسپەرەس لاتىن ئامېرىكاسى ئەللىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىنىم تاپماي تىرىشىۋاتقانلىقى.

(6) ئامېرىكانىڭ مەركىزىي ئاسىيادا رۇسىيەنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن بىمالال دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ۋە نوپۇزىنى ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى.

(7) ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەربىي ھازىرلىق مۇسابىقىسىنىڭ داۋام قىلىشى.

**(8) ئىقتىسادىي جازالار ۋە سۈرىيە، لىۋىيە قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى ئىغىر چىقىملارنىڭ رۇسىيە ئىقتىسادىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى.**

**(9) دىپلوماتىك جازالارنىڭ رۇسىيەنىڭ دىپلوماتىيىسىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى.**

**يۇقىرىقى توققۇز تۈرلۈك مۇھىم سەۋەب تۈپەيلىدىن، پۇتىن دۇنيا رۇسىيەنى يېڭى بىر مەيدان ئۇرۇش قوزغىغۇدەك ھالى يوق دەپ قارىغان پەيتتە، ۋىلادىمىر پۇتىن پۇتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرۇپ، 24 ـ فېۋرال تاڭ ئاتماستا ئۇكرائىناغا بېسىپ كىردى.**

**تىرامپنىڭ قارىشىچە، رۇسلار پىرىزدېنت كىچىك بۇش ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن بۇيان ئامېرىكانىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى رولىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇڭا رۇسىيە ئەينى ۋاقىتتا كىچىك بۇشنى قارىتىپ قويۇپ، گىرۇزىيەگە قارشى ھەربىي ھەرىكەت باشلاپ، گىرۇزىيەگە قاراشلىق ئابخازىيە ۋە جەنۇبىي ئوسېتىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، پىرىزدېنت باراك ئوباما دەۋرىدە موسكۋا قىرىمنى يۇتۇۋالدى. ھازىر بايدىن دەۋرىدە ئۇكرائىنانى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا.**

**گەرچە بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى توغرىسىدا ھەر تۈرلۈك تالاش ـ تارتىشلار بار بولسىمۇ، بىراق موسكۋانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي تەھدىت بولىدىغان نىشانلارغا قارشى ئالدىن زەربە بېرەلەيدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنداقلا غەرب ئەللىرىنىڭ تولىمۇ قورقۇنچاقلىقى، بىر قىسىم ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرى ۋە رەسۋالىقى ئاساسەن پاش بولدى. ش ئا ئە ت (ناتو) ئۇكرائىنانى يالغۇز تاشلاپ قويۇپلا قالماي، يەنە تېخى ئۇكرائىنا ھاۋا بوشلۇقىدا «ئۇچۇش چەكلەنگەن رايون» تەسىس قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، پۇتىننىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. ۋەھالەنكى، ش ئا ئە ت 2011 ـ يىلى لىۋىيەدە ئەرەب باھارى قوزغالغاندا، كازاپىغا قارشى خەلقنى قوللاش نامىدا، ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا لىۋىيەدە ئۇچۇش چەكلەنگەن رايون تەسىس قىلىپ، بىر مەھەل ياخشى ئالقىشلارغا ئېرىشكەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلار سۈرىيەدە ۋە ئۇكرائىنادا قورقۇنچاقلىق قىلىپ، تۈركىيە ۋە ياۋروپانى مۇساپىرلارغا كۆمۈۋەتتى. مۇساپىرلارنىڭ ئانا ۋەتەنلىرى پۇتىننىڭ بومباردىمانلىرى نەتىجىسىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بېرلىننىڭ قىسمىتىگە دۇچار بولدى.**

ئەمدى خىتاينىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىكى مەيدانىغا كەلسەك، خىتاي بۇ قېتىم باشقا ئەللەر ئويلىغاندەك يا رۇسىيەنى مۇتلەق قوللاپمۇ كەتمىدى، يا ئۇنى ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى. بەلكى، بىر تەرەپتىن رۇسىيەنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىنى، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قاراتقان ئۇرۇشىنى «تاجاۋۇز» دەپ ئاتاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇكرائىنانىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ، بۇرۇنقىدەكلا ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇندى. بىراق بۇ قېتىم بۇ تاكتىكا ھەر ئىككى تەرەپنى رازى قىلالمىدى. خىتاينىڭ يېقىندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا رۇسىيەنى قوللايدىغان بېلەت تاشلاشتىن ۋاز كېچىشى رۇسىيەدىن ۋاز كېچىش ياكى ۋاشىڭتوننى رازى قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولماستىن، ئەكسىچە موسكۋانىڭ دونباسنى ئۇكرائىنادىن تارتىۋېلىشىنى قوللاشنىڭ خىتاي ئىزچىل چالۋاقاپ كەلگەن «زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى» سەپسەتىسىنى تۈپتىن يالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا، خىتاينىڭ تەيۋەننى تىنچ قوشۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئېھتىياجىدا ئىشلىتىدىغان پرىنسىپقا قارشى تۇرۇشى مەنتىقىسىز. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي رۇسىيەنىڭ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە رەت قىلىش ھوقۇقىنى قوللىنىپ، ب د ت قارارىنىڭ ماقۇللىنىشىنى توسىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدى. نەتىجىدە بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ قارارىنى رۇسىيەنىڭ رەت قىلىشىغا تايىنىش ئارقىلىق ماقۇللاتماسلىق مەقسىتىگە يەتتى.

بېيجىڭ سەككىز يىلدىن بېرى توقۇنۇشنى تىنچ يوللار بىلەن ھەل قىلىشقا ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى زېھنىيىتىگە قايتىشتىن يىراقلىشىشقا چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئاتالمىش مەيدانىنى ئېلان قىلىپ تۇردى ۋە ئۇكرائىنانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە تولۇق مۇستەقىللىقىنى تەكرار ئېتىراپ قىلىپ كەلدى. خىتاي 2014-يىلدىن بۇيان رۇسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى، شۇنداقلا ئۇكرائىنانىڭ 2019-يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولۇپ كەلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، خىتاي-ئۇكرائىنا مۇناسىۋىتى خېلى قويۇق بولۇپ، ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇكرائىنا خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىغا قاتناشقاچقا، بېيجىڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى بىلەن بولغان مەنپەئەتىنى قۇربان قىلالمايتتى. ئەپسۇس، خىتاينىڭ بۇ ئىككى يۈزلىمىچىلىكى ھەرئىككى تەرەپنى تەڭلا نارازى قىلىپ قويدى. چۈنكى بېيجىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە دوللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، Swift سىستېمىسى ۋە دوللارنىڭ باشقا پۇللارغا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن باشلاپ، ھازىرقى بارلىق دۇنياۋى قۇرۇلمىلارنىڭ، جۈملىدىن خەلقئارا ئىقتىساد، خەلقئارا پۇتبول بىرلەشمىسى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا ئوخشاش دۇنياۋى نوپۇزلۇق ئورۇنلارنىڭمۇ چوقۇم ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ۋەجىدىن خىتاي داۋاملىق ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن پۇرسەت كۈتمەكتە.

## 6 . ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش خىتاي بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى «چەكسىز» دوستلۇقنىڭ سىنىقى:

خىتاي پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن ۋە شى جىنپىڭ 4 ـ فېۋرالدىكى دوستلۇق يىغىنىدا ئىككى دۆلەتنىڭ «چەكسىز» دوستلۇق ئورناتقانلىقىنى جاكارلىغانىدى. ئەمما بىر ئايدىن كېيىن، ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش بۇ مۇناسىۋەتنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان سىناققا ئايلاندى.

خەلقئارانىڭ غەزىپى ۋە رۇسىيەگە قاراتقان جازانىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، بېيجىڭ ھەم موسكۋا بىلەن بولغان ھەمكارلىق تۆپەيلى زىيانغا ئۇچرىماسلىقتا، ھەم رۇسىيە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ بېقىۋاتىدۇ.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانغا ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر ـ بىرىنى يوقىتىشقا قەسەم بەرگەن ئىككى دۈشمەن زادىلا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېقىنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەممىدىن مۇھىمى ئامېرىكانىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئارزۇسى بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. ئەمما، رۇسىيەنىڭ كۆچلۈك ھەربىي ھۇجۇمىدىن، ئۇكرائىنانىڭ كۆچلۈك قارشىلىقىدىن ۋە خەلقئارا جەمئىيەت كرېمىل سارىيىغا قاتتىق ئىنكاس قايتۇرغاندىن كېيىن، خىتاي قىيىن ئەھۋالدا قالغاندەك قىلىدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان قوشنىلىرى بىلەن بولغان چېگرا تالاش ـ تارتىشىدا ئۆزىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بېيجىڭ بۇ قېتىم رۇسىيە تەرەپنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇكرائىنا ھەققىدە ئۆز پىرىنسىپىغا قارشى مۇقام تۇۋلاشقا مەجبۇر بولدى. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى پەقەت ئاغزاكى قوللاپلا بولدى قىلغان خىتاي بۇ قېتىم موسكۋانىڭ ئۇكرائىناغا مۇناسىۋەتلىك بىخەتەرلىك ئەندىشىسى ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ كېڭىيىشىدىكى ئەنسىرەشلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بېيجىڭ موسكۋانى ئەيىبلەشنى رەت قىلدى ۋە خىتاي باياناتچىلىرى رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمىنى چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئاشكارا «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ تەسۋىرلىشىگە قارشى چىقتى. قېرىشقاندەك، خىتايدىكى ئالاقە ۋاستىلىرىدا رۇسىيەگە ھاقارەت قىلغان ئۇچۇرلار مودا بولۇپ، خىتاينى تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قويغان.

جون خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سېرگېي رادچېنكو مۇنداق دېدى: «ختاينىڭ بۇ ھەقتىكى ئىككىلىنىشلىرى ۋە ئارىسالدى ھالەتلىرىنى دەسلەپكى باياناتلاردىنلا ھېس قىلالايسىز».

گائاگا (لاھاي) ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى رىچارد گىياسى مۇنداق دېدى:«ھازىرقى ۋەزىيەت ختاينى خېلىلا پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى». ئۇ فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا مۇنداق دېدى: «ختايغا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت بىخەتەرلىك مەنپەئەتى ھەممىشە ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ختاينىڭ پوزىتسىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇكرائىناغا مايىل بولمايدۇ». ئۇ يەنە رۇسىيەنىڭ «گىگانت، يادرو قورالى بار، بايلىقى مول قوشنا دۆلەت» ئىكەنلىكى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ تىزگىنى قولىدا ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، ختاينىڭ خېلى بىر مەزگىلگىچە رۇسىيەگە قارشى ھېچقانداق قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

بېيجىڭنىڭ ۋەزىيەتنى خاتا پەرەز قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ئېغىر ئاۋارىچىلىق تاپماقتا. ھەممە دۆلەت 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇنلا پۇقرالىرىنى ئۇكرائىنادىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىراق ختاي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ رەسۋا بولدى. رۇسلار بومبا تاشلىغاندا ئۇ يەردىكى ختايلارنىمۇ ئاياپ قويماي ئۆلتۈردى. بۇ ئاز كەلگەندەك، ئۇكرائىنادىكى ختاي باش ئەلچىخانىسى دەسلەپتە پۇقرالارغا ماشىنىسىغا ختاي بايرىقى ئېسىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ئەمما بەزى ختايلار يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئەدەپلەنگەندىن كېيىن، ختاي ئەلچىخانىسى بۇ تەۋسىيەسىنى تېزلا بىكار قىلغان.

بانگالوردىكى تاكاشالا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى مانوۋ كېۋالرامانى مۇنداق دېدى: «ختاينىڭ سىياسىي تۇتۇمى ئۇكرائىنادىكى ختاي پۇقرالىرىنىڭ ياشاش شارائىتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. ئەگەر ئۇكرائىنادا ختاي پۇقرالىرى يەنە ئۆلتۈرۈلسە، ختاينىڭ بۈگۈنكى رۇسىيەنى قوللاش مەۋقەسىنى داۋاملاشتۇرۇشى تەسكە توختايدۇ».

پۇتۇن دۇنيا، ھەتتا ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ «رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنانى پەقەت ختايلا ۋاستىچى بولۇپ ئوتتۇرلۇق كېلىشتۈرەلەيدۇ» دەپ زور ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغاندا، شى جىنپىڭ پۇتىن بىلەن ۋىدىيولۇق كۆرۈشۈپ، پۇتىندىن «سۆھبەت ئارقىلىق ياۋروپانىڭ سىجىل بىخەتەرلىك كاپالەت مېخانىزمى» ئورنىتىش ئارقىلىق كرىزىسنى تىنچ ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىمۇ

ئۇكرائىنادىكى مەنسەپدىشىغا بېيجىڭنىڭ بۇ تونۇشتىن «ئەپسۇسلانغانلىقى»نى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئۈستىلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ۋاستىچى بولۇشتىن قاچۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يوققا چىقارغان.

لوندون ئۇنىۋېرستىتى شەرق، ئافرىقا تەتقىقاتى ۋە ختاي ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ستىۋ تساڭ مۇنداق دېدى: «ختاي ئوينىغان ھەر قانداق مۇرەسسەچىلىك رولى پۇتىننى ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىشقا يەتمەيدۇ. چۈنكى ختايدا پۇتىننى پەيلىدىن ياندۇرغۇدەك جاسارەت يوق. پۇتىنمۇ ختاينىڭ گېپىنى يەيدىغانلاردىن ئەمەس. ختاي سىرتقى دۇنياغا تارقاتقان سىگنالدا بىتەرەپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ختاي يەنىلا رۇسىيە تەرەپتە». دېمىسىمۇ تەھلىلچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش چارىسىلا ھازىر ختاي ئۈچۈن زىيانىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدىغان سىنارىيە دەپ قارالغان.

تساڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ يامان ئاقىۋەت شۇكى، رۇسىيەگە قارىتىلغان ئېغىرمۇ قاتتىق جازا ياكى ئۇكرائىنادىكى ھەربىي تاجاۋۇز قىلمىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى پۇتىننى ھاكىمىيەتتىن غۇلىتىپ تاشلايدىغان قوزغىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ۋە بۇ ھالەتنىڭ موسكۋادا غەربنى قوللايدىغان ھۆكۈمەتنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «مەن شى جىنپىڭنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشنىڭ كەسكىنلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئەمما ئۇ پۇتىننىڭ ختايغا ۋە دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە زور زىيان كەلتۈرمەيلا ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى نېملا دېگەن بىلەن ئىككى دىكتاتور ئۆزئارا تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ».

7 . تەيۋەن ئۇكرائىناغا ئوخشامدۇ؟!

گەرچە ختاي «تەيۋەننى كىم باشقۇرسا، دۇنيانى شۇ باشقۇرىدۇ» دېگەن گېپىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن تەھلىلچىلەر رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قاراشلىق دونباسقا بېسىپ كىرگەنلىكىنى بېيجىڭنىڭ تەيۋەننى قوراللىق ئىشغال قىلىۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ دەۋاتقاندا، ختاي بۇ خىلدىكى سېلىشتۇرۇشنى رەت قىلىپ، تەيۋەننىڭ ھازىرقى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ،

هامان بىر كۈنى ئانا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، بىراق ئۇكرائىنا مۇستەقىل ۋە تولۇق ئىگىلىك هوقۇقلۇق بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا تەيۋەن بىلەن ئۇكرائىنانى سېلىشتۇرۇشنىڭ نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇندىن 22 يىل بۇرۇنمۇ خىتاي تەرەپ شەرقىي تۈركىستاننى «خىتاينىڭ چېچىنىيەسى» دەپ سېلىشتۇرغانلارغا رەددىيە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بىراق چېچىنىيەنىڭ چاررۇسىيە دەۋرىدە قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان مۇستەملىكە زېمىن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

نېمىلا بولمىسۇن، تەيۋەن مەسىلىسى نۆۋەتتە بېيجىڭنىڭ كۈنتەرتىپىدە بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈلدى. چۈنكى خىتاينىڭ هازىرقى ئەڭ چوڭ غېمى «بىر بەلباغ، بىر يول» بولۇپ، بۇ ئىستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان هەر قانداق مەسىلىنى خىتاي ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاينىڭ نەزىرىدە تەيۋەننى يۇتۇۋېلىش هامان ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. بىراق هازىر ئەڭ مۇهىم بولغىنى خىتاينىڭ جان تومۇرى بولغان «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنى ئۇتۇقلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

خۇلاسە كالام، خىتاينىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىكى تۈپ مەيدانى — ئاجىزلاشقان رۇسىيەنى غالىب، ئەمما ئاجىز هالەتتە كۆرۈشنى كۈتۈشتۇر. چۈنكى قەدىمقى ئۈچ پادىشاهلىق دەۋرىدىن بۇيان خىتايلارنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىدە قەتئىي ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن پەلسەپىسى «ئۈچ چوڭ جاهانگىر تىركىشىپ تۇرغاندا، هەر ۋاقىت ئاجىز تەرەپ بىلەن هەمكارلىشىپ، كۈچلۈك تەرەپكە زەربە بەرگەندىلا ئاخىرىدا ئۆزىنى قوغداپ قالالايدىغانلىق»تۇر. شۇڭلاشقا خىتاي ئەڭ ئاجىز ۋاقتىدىن باشلاپ تا هازىرغىچە ئامېرىكا ۋە رۇسىيەدىن قايسى بىرى ئاجىزراق بولسا، شۇنىڭ بىلەن ئىزچىل هەمكارلىشىپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ قېتىممۇ پۇتىنىنىڭ رۇسىيەسى ئاجىزلىشىپ كەتسە، داۋاملىق رۇسىيە بىلەن هەمكارلىق ئورنىتىپ، غەربكە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئويلىمىغان يەردىن پۇتىن كۈچىيىپ، رۇسىيە ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا خىتاي خۇددى 1972-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىردىنلا يۈز ئۆرۈگىنىدەك، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى مۇمكىن.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

«جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەسىلىلەر، چوڭ دائىرىلىك قانۇنلار، يەر شارىلىشىش ۋە رۇسىيە پارادوكس». ئالېكساندىر دۇگىن، كاتخيون تەتقىقات مەركىزى.

**ئىزاھات:**

ئالېكساندىر دۇگىن پۇتىننىڭ مەنىۋى پىرى بولۇپ، لىبرالىزىمغا ۋە كوممۇنىزىمغا قارشى پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر. ئۇ ياۋرو ـ ئاسىيا تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رۇسىيەنىڭ بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇشى ۋە رۇسىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن تۆت ئەتراپقا قاراپ كېڭىيىش، «موسكۋا ـ توكيو»، موسكۋا ـ بېرلىن» ۋە «موسكۋا ـ تېھران» لىنىيەسى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان. ئۇ ھەمىشە:«مەن نەزەرىيەنى تەييارلايمەن. پۇتىن ئىجرا قىلىدۇ» دەيتتى.



# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت چارىلىرى

براين چىيىسى

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت چارىلىرى

بىراين چېيىسى

## دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ

«ھايات تامامەن دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش مۇجادىلىسىدۇر. دىققىتىڭىز قەيەرگە بۇرالسا، ھاياتىڭىزمۇ شۇ يەرگە بۇرۇلىدۇ»— جىددۇ كىرىشنامۇرتى (Jiddu Krishnamurti).

دىققەتنىڭ مەركەزلىشىشى خىزمەت (ئۆگىنىش ۋەھاكازا) ئىپادىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنىڭ جازىبىسى ۋە خىزمەت سىجىللىقىنى ئۈزۈپ قويىدىغان باشقا نەرسىلەر دىققەتنىڭ چېچىلىشىغا، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدۇ.

يېڭى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئېلخەتلەرگە، كەلگەن تېلېفونلارغا ۋە ئۇچۇرلارغا دائىم ئىنكاس قايتۇرۇش مېڭىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە زېھنىڭىزنىڭ مەركەزلەشكەن ۋاقتىنى قىسقارتىۋېتىدۇ ـ دە، كېلەچىكىڭىز ۋە مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشىڭىز ئىنتايىن مۇشكۈللىشىپ كېتىدۇ.

### ئادەتلىنىپ قېلىش

سەھەردە تۇنجى ئىش سۈپىتىدە ئېلخەتلەرنى تەكشۈرسىڭىز ياكى ئۇچۇر ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنىڭغا جىددىي ئىنكاس قايتۇرسىڭىز، مېڭىڭىز مەلۇم مىقداردا دوپامىن (Dopamine) ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ھالبۇكى، شۇنچىلىك مىقداردىكى دوپامىنمۇ سىزنىڭ «زوق»ىڭىزنى قوزغاشقا يېتىدۇ ۋە سىزنى دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىلىشقا تېگىشلىك باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇيسىز ۋە پۈتۈن دىققىتىڭىز يېڭى كەلگەن ئۇچۇرلارغا مەركەزلىشىدۇ.

ئېلخەت ياكى ئۇچۇر كەلگەندىكى ئاۋاز سىزدە «نېمىگە ئېرىشكىنىڭگە دەرھال قاراپ باق» دېگەن ھېسسىياتنى ئويغىتىدۇ ـ دە، «مۇكاپاتىڭىز»نىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى تاشلاپ قويىسىز.

ھەركۈنىڭىزنى ئېلخەت ياكى ئۈچۈرلار ئۈچۈن دوپامىن ئاجراتقان ھالەتتە باشلىسىڭىز، شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا مۇھىم ئىشلىرىڭىزنى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا قىلىشىڭىز تولىمۇ تەسكە توختايدۇ.

## بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ ئىشنى قىلىش خام خىيالى

بەزى كىشىلەر بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ ئىشنى قىلالايمەن، دەپ قاراپ، خىلمۇخىل ئېلخەت ۋە مۇھىم ۋەزىپىلەر ئارىسىدا قاتراپ يۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلار بىر ۋاقىتتا زېھنىنى پەقەت بىرلا ئىشقا مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. بىر ۋاقىتتا بىردىن كۆپ ئىش قىلىۋاتقانلارنىڭ قىلغىنى ئەمەلىيەتتە «ۋەزىپە ئالماشتۇرۇش»تىن ئىبارەت، خالاس. يەنى بۇلار (ئىككى ئىشنى تەڭ قىلالمايدۇ، ئەكسىچە) دىققىتىنى ھېلى ئۇ يەرگە، ھېلى بۇ يەرگە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

ئىنتېرنېتتا بىردەم «سەيلى قىلىش» سەۋەبلىك ئىشىڭىزنى ئۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، دىققىتىڭىزنى قايتىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك ئىش ھالىتىڭىزگە قايتىشىڭىزغا 17 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە نۇرغۇن ئىنسان ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەيدۇ، ئەمما خىزمەت ئارىسىدا ھېلى ئېلخەتلەرگە، ھېلى ئۈچۈرلارغا قاراپ، ئاندىن قايتىدىن ئىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولغاچقا، تاماملىغان ئىشى تولىمۇ ئاز، خاتالىقى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

## سىناقتىن ئۆتكەن ۋە كارغا كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان بەزى چارىلەر

بۇ خۇسۇستىكى چارىلەر تولىمۇ ئاددىي ھەمدە ھەر ساھەدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك شەخسلەر تەرىپىدىن قوللىنىلماقتا.

بىرىنچىسى، ئېلخەت (ياكى ئۈچۈر)لىرىڭىزنى ھەركۈنى ئەتىگەندە تەكشۈرۈپ يۈرمەڭ ۋە شۇ ئارقىلىق كۈنبويى داۋاملىشىشى مۇمكىن بولغان دوپامىن مەنبەلىك ھاياجانغا يول ئاچماڭ. ئۇسكۈنىلىرىڭىزنى ئېتىۋېتىڭ.

ئىككىنچىسى، ھەرقانداق بىر سەۋەب تۈپەيلى، ئېلخەتلىرىڭىزگە قاراشقا مەجبۇر بولسىڭىز، ئېلخەت ساندۇقىڭىزغا كىرىپلا چىقىڭ ۋە خىزمىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ئاۋازىنى ئېتىۋېتىڭ، يانفونىڭىزنىمۇ «تىترەش» ھالىتىگە تەڭشەڭ. دوپامىننىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىغا ۋە ئايىغى چىقماس ئۆزۈكچىلىكلەرگە سەۋەب بولىدىغان (ئۈچۈر، ئېلخەت ۋەھاكازا) «ئەسكەرتكۈچى»لەرنى توختىتىڭ.

ئۈچىنچىسى، ئېلخەتلىرىڭىزنى كۈندە سائەت 11 دە ۋە چۈشتىن كېيىن ئۈچتە، پەقەت ئىككى قېتىملا تەكشۈرۈڭ. ھەر قېتىمدا تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا، دەرھال ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

بىر ياكى تېخىمۇ كۆپ ئادەم بىلەن بىر يەردە تۇرغىنىڭىزدىمۇ مەزكۇر ئۇسۇلنى قوللىنىڭ. ئېلېكتورونلۇق ئۈسكۈنىلىرىڭىزنى ئېتىۋېتىڭ. كىشىلەر بىلەن بىر يەردە تۇرغاندا، تېلېفون بىلەن ھەپىلەشمەستىن، دىققىتىڭىزنى تامامەن يېنىڭىزدىكى ئادەمگە مەركەزلەشتۈرۈڭ. ئۆيىڭىزدىمۇ مەزكۇر ئۇسۇلنى قوللىنىڭ.

## ئىش ئۈنۈمىڭىزنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇڭ

ئىش ئۈنۈمىڭىزنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇشنىڭ تولىمۇ ئاددىي ئۇسۇلى بار.

ئالدى بىلەن، ھەركۈنلۈك ئىشلىرىڭىزنى ئالدىن پىلانلاڭ. ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىڭىزنى تاللاڭ ـ دە، باشقا ھېچبىر ئىشنى قىلماستىن، ئەڭ دەسلەپتە شۇ ئىشنى باشلاڭ.

ئىككىنچىسى، توقسان مىنۇت توختىماستىن، (تېلېفونغا قارىماستىن) سجىل ھالدا ئىشلەڭ ۋە ئاندىن 15 مىنۇت دەم ئېلىڭ.

ئۈچىنچىسى، ئىشىڭىزنى قايتىدىن باشلاڭ ۋە يەنە توقسان مىنۇت سجىل ئىشلەڭ.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئۈچ سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن، ئېلخەت (ئۇچۇر ۋەھاكازالارنى) تەكشۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى بىرئاز دوپامىن (ھاياجان) بىلەن مۇكاپاتلاڭ.

ھەركۈنى ئەتىگەندە، ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىز ئۈچۈن ئۈچ سائەت سجىل ئىشلىيەلىسىڭىز، ئۈنۈمىڭىز بىر ھەسسە ئاشىدۇ ۋە دائىم ئۇچۇرلارغا قارايدىغان (ناچار) ئادىتىڭىزدىنمۇ قۇتۇلىسىز. ئەنە شۇ رەۋىشتە ۋاقتىڭىزنىڭ تىزگىنى تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا بولىدۇ.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ:

1. مۇۋەپپەقىيەت ۋە يۇكسەك ئۈنۈمدارلىق نىشانلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن شۇ سوئالنى سوراڭ: «بۇ ئىش مېنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىمدىن بىرىگە يېتىشىمگە تۆرتكە بولامدۇ، ياقمۇ؟ ياكى بۇ پەقەت دىققىتىمنى چاچىدىغان بىر ئىشمۇ؟»

2. ھاياتىڭىزدا ھەقىقىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئېلخەت ۋە باشقا ئۇچۇرلارنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىققا تىرىشىڭ. تېلېفونلىرىڭىزنى ئېتىپ قويۇشقا ئادەتلىنىڭ.

## ئىشىڭىزنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈڭ

«ئادەتلەر باشلىنىشىدا، كۆرۈنمەس بىر يىپقا ئوخشايدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى ھەر قېتىم تەكرارلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا يەنە بىر يىپ قوشۇلىدۇ ـ دە، يىپ تومىلىشىدۇ. ئەنە شۇ تەرىقىدە، ئۇ ئىنتايىن توم بىر ئارقانغا ئايلىنىپ، بىزنى تەپەككۇر ۋە قىلمىش جەھەتتە چېكىنگىلى بولماس تەرزدە چەكلەپ تۇرىدۇ» ئورىسون سۋېت ماردېن (Orison Swett Marden)

بىزنىڭ چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئارقىغا سۈرۈشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى، شۇ ئىشلارغا تۇنجى قېتىم يۈزلەنگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ناھايىتى مۈشكۈل كۆرۈنگەنلىكتىن، بىزنى ئۈركۈتۈۋېتىدىغانلىقىدۇر.

«قېزا پارچىسى» مېتودى زور ئىشنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ مېتود ئارقىلىق ئىشىڭىزنى ئىنچىكە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، بىر قېتىمدا ئىشنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىلا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالايسىز. خۇددى قېزا يېگەن چاغدىكىدەك، ھەرقېتىمدا بىر پارچىنىلا يەيسىز.

چوڭ بىر پىلانغا ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇش قىلغاندىن كۆرە، ئىشنى ئۇنىڭ ئايرىم ۋە كىچىك بىر پارچىسىنى قىلىشتىن باشلاش كىشىگە پسىخىكا جەھەتتە تېخىمۇ ئاسان تۇيۇلىدۇ. ئىشنىڭ بىر بۆلۈكىنى تۈگەتكەندە، «قېزا»نىڭ بىر پارچىسىنى تۈگەتكەندەك ھېسسىياتتا بولىسىز. شۇنداقلا، شۇ تەرىقىدە بىر پارچە، بىر پارچىدىن تۈگىتىپ يۈرۈپ، ئىشنىڭ خېلى زور قىسمىنى تۈگەتكەنلىكىڭىزنى بايقايسىز. ھەتتا، شۇ رەۋىشتە، ئۆزىڭىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىشنى تامامەن تۈگىتىۋېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

چوقۇم ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەك بولغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، ئىچىڭىزدە رەت قىلغىلى بولمايدىغان «تاماملاش ئىستىكى» بارلىقىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، سىز ھەرقانداق بىر ئىشنى تاماملىغاندا، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ بەختلىك ۋە كۈچلۈك ھېس قىلىسىز. بىر ئىشنى ياكى پىلاننى تولۇق تۈگەتكەن ۋاقتىڭىزدا، ئەمەلىيەتتە «چوڭقۇر قاتلاملىق، يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرغان» بولىسىز. بۇ خىل مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى، سىزنى كېيىنكى ئىش ياكى پىلاننى باشلاشقا ھەمدە ئۇنى تاماملاشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى، «تاماملاش» قىلمىشلىرى مېڭىڭىزنىڭ ئېندورفىن (endorphin) ھورمۇنى ئاجرىتىپ چىقىرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

سىز باشلاپ تاماملىغان ئىش قانچە چوڭ بولسا، سىز ئۆزىڭىزنى شۇ قەدەر بەختىيار ۋە جۇشقۇن ھېس قىلىسىز.

كەڭ كۆلەملىك بىر ئىشنىڭ كىچىك بىر پارچىسىنى تۈگەتكىنىڭىزدە، يەنە بىر پارچىنى باشلاش ۋە تاماملاش ئىستىكىڭىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. يەنى ھەر كىچىك قەدەم سىزگە يېڭى ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدۇ. ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئىشىڭىزنى تاماملىشىڭىزغا ياردەم قىلىدىغان ئىچكى تۈرتكە ھاسىل قىلالايسىز. «تاماملاش» قىلمىشى ھەم ھەر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتكە يانداشقان كۈچلۈك بەختىيارلىق ۋە مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى غەيرەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللانسىڭىز بولىدىغان يەنە بىر مېتود «شۋېتسارىيە پىشلىقى» (Swiss cheese) مېتودىدۇر. بۇ مېتود ئىشنىڭ ئارىسىدىن (شۋېتسارىيە پىشلاقلىرىنىڭ ئۈستىدىكى تۆشۈكلەرگە ئوخشاش) يوچۇق ئېچىپ، ئىلگىرىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

«شۋېتسارىيە پىشلىقى» مېتودى «بىر ئىشنى مۇئەييەن بىر مۇددەت قىلىشقا بەل باغلاش» دېگەنلىكتۇر. بۇ «مۇددەت» بەش~ئون مىنۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاندىن سىز باشقا بىر ئىشنى قىلىسىز.

بۇ مېتودنىڭ ئۈنۈمى «قېزا پارچىسى» مېتودىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئىشلەشكە باشلىغىنىڭىزدا، ئىچىڭىزدە ئىلگىرىلەش ۋە ئۈتۈق تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. ئېنېرگىيەڭىز تولۇپ ـ تېشىپ، ھاياجانغا چۆمىسىز. رىغبىتىڭىز كۈچىيىپ، ئىشنى تۈگىگىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولىسىز.

ئەگەر بىر ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن يۈزلەنگەن ۋاقىتىڭىزدا سىزگە تولىمۇ مۈشكۈل تۇيۇلسا، «قېزا پارچىسى» ياكى «شۋېتسارىيە پىشلىقى» مېتودىنى قوللىنىڭ. بۇ مېتودلارنىڭ سۈرەلمىلىكتىن قۇتۇلۇش جەھەتتە نە قەدەر ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىگە ئۆزىڭىزمۇ ھەيران قالىسىز.

مېنىڭ بىر قانچە دوستۇم بار. ئۇلار كۈندە بىر بەتتىن، ھەتتا بىرەر ئابزاستىن يېزىپ يۈرۈپ، نەتىجىدە «ئەڭ بازارلىق كىتابلار»نى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدى. سىز نېمە دەپ شۇنداق قىلالمىغۇدەكسىز؟

ئۇ ياقىنى يەۋېتىڭ:

بۇ مېتودلارنى دەرھال قوللىنىڭ. خېلىدىن بېرى كېچىكتۈرۈپ كەلگەن چوڭ، مۇرەككەپ ياكى كۆپ باسقۇچلۇق بىر ئىشنى تۇتۇڭ ـ دە، ئۇنى باشلاش ئۈچۈن «قېزا پارچىسى» ياكى «شۋېتسارىيە پىشلىقى» مېتودىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئۇتۇقلۇق ۋە بەختىيار ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئىجرائاتقا مايىل ئىكەنلىكىدۇر. ئۇلار ياخشى پىكىرنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇنىڭ كارغا كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، دەرھال سىناپ باقىدۇ. سىزمۇ كېچىكتۈرمەستىن، دەرھال، بۈگۈنلا سىناپ كۆرۈڭ!

«ئۇ ياقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق ئەسەردىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى



# يېڭى ۋە زۇلمەتلىك سوغۇق ئۇرۇش

ئەندرېۋ نوۋو

# يېڭى ۋە زۇلمەتلىك سوغۇق ئۇرۇش

ئەندرېۋ نوۋو

**رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قارشى ئۇرۇشى ئۈچىنچى ھەپتىسىگە قەدەم قويغاندا (بۇ ماقالە 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)، غەربنىڭ تاقابىل تۇرۇشى قىيىن بولغان ئاچچىق رېئاللىق ئوتتۇرىغا چىقتى.**

**نۆۋەتتە رۇسىيەنىڭ ئۇرۇش مېتودى ئوچۇق نامايەن بولۇشقا باشلىدى. گەرچە مەزكۇر مېتودنىڭ قىسمەن تەرەپلىرى كۆلكىلىك بولسىمۇ، ئەمما بەزى تەرەپلىرى يەنىلا كىشىنى تەشۋىشكە سالىدۇ. رۇسلارنىڭ مېتودى ھېلىھەم سىۋىيتنىڭ تەجرىبىسىگە، ھەتتا رۇسىيەنىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇرۇش ئەندىزىلىرىگە زىچ باغلىنىشلىق.**

**بىز رۇسىيەنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان (شۇنداقلا، كۆلكىلىك رەۋىشتە) ئۆز ئارمىيەسىگە بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىغانلىقىغا شاھىت بولدۇق. چالا ـ بۇلا مەشقلەندۈرۈلگەن يېڭى ئەسكەرلەر قوشۇنغا تولۇقلىمىلەپ قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ، بۇلار ئۈچۈن مەشىق شارائىتى ۋە ئەسلىھەلەر ناچار، شۇنداقلا تەمىنات يېتەرسىز بولماقتا. رۇسىيەنىڭ بىرونېۋىك قىسىملىرىنىڭ يېقىلغۇسى ئاللىقاچان تۈگىدى. ئۆلۈم ـ يىتىم ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى ھەپتىسىدە ئۆلگەن رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئىراقتا ئون نەچچە يىل ئىچىدە ئۆلگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ساندىنمۇ ئېشىپ كەتتى.**

**لېكىن، بۇ يېتەرسىزلىكلەر رۇسلارنىڭ مەغلۇبىيەت گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىدىن ياكى ھەربىي ھەرىكەتنى ئاستىلىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىشى ناتايىن. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇسلارنىڭ تارىختا ئىسپاتلانغان جەڭگاھتىكى بەردەملىكى يەنىلا (رەقىبلىرى ئۈچۈن) غايەت زور تۇسالغۇدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە ئۇرۇش قوزغىغاندا قارشى تەرەپتىكى پۇقرالارنى ئاساسەن ياكى پەقەتلا ئويلاشمايدۇ. رۇسلار 1990 ـ يىللىرى چېچىنىيەدە، 1980 ـ يىللىرى ئافغانىستاندا، 1940 ـ يىللىرى شەرقىي ياۋروپادا ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىدىكى كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان مىساللار، ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقىغا ئىشەنگەن، ھاياتىي كۈچىنى «ۋاستە تاللىماسلىق»تىن تاپىدىغان، دۆرۈسلۇققا ۋە ئىنساننىڭ ھاياتىغا بولغان (ئەقەللىي) ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالغان قاباھەتلىك ئىدىئولوگىيە تەرىپىدىن كۆرۈكلەنگەن ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سەممىزگە سالىدۇ.**

(بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا قارىتىلغان) بۇ خىل بېھۆرمەتلىك رۇسىيەنىڭ يېقىنقى كۆنلەردە ئۇكرائىنا پۇقرالىرىغا قاراتقان ھۇجۇملىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. مەزكۇر قىلمىش ئېھتىياتسىزلىق ئەمەس، ھېچكىمدىن تەپتارتماي قىلىنغان رەھىمسىزلىكمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇكرائىنالىقلارنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، رۇسىيەنىڭ بۇ جايلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈشىنى ئاسانلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتتۇر. ئاچچىق رېئاللىق شۇكى، ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يۇرتىنى تەرك ئەتكەن ئۇكرائىنالىقلارنىڭ سانى قانچە كۆپەيسە، (ب د ت نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا كۆرە، ئومۇمىي نوپۇسى 44 مىليون بولغان ئۇكرائىنادا، 15 ـ مارت بۇ سان ئۈچ مىليونغا يەتكەن، يەنى خەلقنىڭ تەخمىنەن يەتتە پىرسەنتى ۋەتىنىدىن چىقىپ كەتكەن. — ت) ئۇرۇش رەسمىي ئاياغلاشقاندا، رۇسىيە شۇنچە كۆپ ئۇكرائىنا زېمىنلىرىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، گەرچە بىز غەربتىكى «ئۈچۇر جېڭى»گە ئالاقىدار مۇنازىرىلەرگە، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇشقا قارشى دادىل نامايىشلارغا شاھىت بولغان بولساقمۇ، لېكىن رۇسىيەدىكى جامائەت پىكرى ھېلىھەم ھېچقانچە رول ئوينىيالىغىنى يوق. نۇرغۇن جەھەتلەردە ئېيتقاندا، بۇ ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ ئۇرۇشىدۇر. لېكىن، رۇسىيەمۇ يەنىلا شۇ ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ رۇسىيەسىدۇر. «رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنادىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىنىڭ تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ياكى سوزۇلۇپ كېتىشى ئاللىقاناداق رەۋىشتە پۇتىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى مۇمكىن» دېگەن قاراشنى ئېيىشپ كەتسە ئۇمىدۋارلىق دېيىشكە بولىدۇ. پۇتىن بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى تەختكە چىققاندىن تارتىپ، ئۆكتىچىلەرنى سىستېمىلىق ھالدا باستۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ سىياسىي رەقىبلىرى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى، تۈرمىگە سولاندى ياكى سۈرگۈن قىلىندى. نۆۋەتتە، رۇسىيەدە ھېسابقا ئالغۇدەك، تەشكىللىك، زورۇر بايلىققا ئىگە ئۆكتىچىلەر يوق. شۇنداقلا، پۇتىن تاراتقۇنى ۋە ئۇچۇرلارنى ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك قاتتىق تىزگىنلىمەكتە. بۇ خىل چېكىنىش ئۆز نۆۋىتىدە غەرب دۇچ كەلگەن يەنە بىر ئاچچىق رېئاللىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇرۇش رۇسىيەنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرماقتا. ھاكىممۇتلەق دۆلەتلەر رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇش قوزغاش تارىخىغا ئىگە. بىز بۇنىڭ ئۆلارنىڭ ئاڭ جەھەتتە «قاتتىق»لىققا بولغان مايىللىقىنىڭ (مەسىلەن، ھىملېر بىلەن ھىتلېر قوپال، قاتتىق ۋە رەھىمسىز ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە مەپتۇن ئىدى؛ ستالىنمۇ 1913 ـ يىلىدىن باشلاپ تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللانغان «ستالىن» دېگەن بۇ ئىسمىنى رۇسچىدىكى «پولات» مەنىسىدىكى «сталь» دېگەن سۆزدىن ئالغانىدى) نەتىجىسى ياكى ھاكىممۇتلەق تۈزۈلمىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىشساق بولىدۇ، ئەمما (نەتىجە ئېتىبارىدىن قارىغاندا) ئۇرۇش ھەممىشە مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنى تېخىمۇ مۇستەبىتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل (مۇستەبىتلىك) خاھىشى چەتئەلدىكى دۈشمەنلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دۆلىتىدىكى ئۆكتىچىلەرگە قارىتامۇ ئەۋج ئالىدۇ. رۇسىيەنىڭ ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي

ئەركىنلىكىنىش، شۇنداقلا تاراتقۇ ئەركىنلىكى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىنتايىن چەكلىك تەرەققىياتلارنى يوققا چىقارماقتا. رۇسىيە خىتايغا، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەلتۆكۈس ئوخشىغانغا قەدەر، بۇ خىل يۈزلىنىش ئىزچىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە، رۇسىيەدە ئىنتېرنېت ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا، مۇستەقىل تاراتقۇلار چەكلەنمەكتە. (خەۋەر بەرگەندە) ھۆكۈمەتنىڭ باياناتىنى ئاساس قىلماسلىق جىنايەت دەپ بېكىتىلدى. تەخمىنەن 13 مىڭ رۇسىيە پۇقراسى ئۇرۇشقا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى پۇتىنىنىڭ تۈرمىلىرىدە بەلكىم شۇنىڭ ئون ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان ئادەم يېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، رۇسىيەدىكى بۇ خىل چەكلىمىلەرگە قارىماستىن، «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى يەنىلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرمەكتە. پولشانىڭ ئۇكرائىناغا «MIG ـ 29» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان ئەۋەتىش پىلانى گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكانىڭ ئېھتىياتى سەۋەبلىك ئىشقا ئاشمىدى. ئۇكرائىنادا «ئۇچۇش چەكلەنگەن رايون» تەسىس قىلىش پىلانىمۇ ئەمەلىيلەشمىدى.

غەرب تېخىمۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىشنىڭ يادرو ئۇرۇشىغا يول ئېچىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، ئۇنداق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتتى. يادرو دەۋرىدىكى ھەربىر ئامېرىكا پرېزىدېنتى، مەيلى كورېيەدە، كۇبادا، ۋېيتنامدا ياكى ئافغانىستاندا بولسۇن، رۇسىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇش ئەۋج ئالغان تەقدىردە، بۇنىڭ يادرو ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىققا دۇچ كەلدى. مەزكۇر رېئاللىق ئىزچىل ئۆزگەرمەي كەلدى. بىز بۇ رېئاللىققا يۈزلەنگىنىمىزدە، غەربنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى كۆردۇق. بىز بۇ چەكلىمىلىكلەرنىڭ ۋەزنىنى سىناپ بېقىۋاتقاندا، رۇسىيە غەرب ئاسانلىقچە ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدىغان بۇ رېئاللىق ئارقىلىق يېڭى رېئاللىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا باشلىدى. (بايدېننىڭ ئوچۇق ئېيتقىنىدەك) غەربتىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بىۋاستە ھەربىي مۇداخىلىنى ئويلاشمايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پۇتىنىنىڭ ئۇكرائىنادا ئۇتۇق قازىنىشىنى توسۇپ قالالىغۇدەك ئۈنۈملۈك چارە تاپالىشى بەسي مۈشكۈل.

ھالبۇكى، رۇسىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقى سەۋەبلىك، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بېسىملارنىڭ ئۈنۈمى چەكلىك بولماقتا. ئەگەر بىز راستلا يېڭى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىغا قەدەم قويۇۋاتقان بولساق، شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، بىرىنچى قېتىملىق سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدا ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىر سەپ؛ رۇسىيە، خىتاي ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى يەنە بىر سەپ بولغانىدى. ئىككىنچى (يەنى بۇ) قېتىملىق سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىمۇ غەرب يەنىلا رۇسىيە ۋە خىتاي بىلەن تىركىشىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ئوخشىمايدىغىنى، خىتاي (بىرىنچى قېتىمقىدەك ئىككىلەمچى پېرسوناژ بولماستىن) ئاساسلىق شېرىك بولىدۇ.

ئۇلار (يەنى رۇسىيە بىلەن خىتاي)نىڭ ھەمكارلىقى ئورتاق رېۋىزىئونىزمنى ئاساس قىلغان. يەنى ھەر ئىككى دۆلەت ئامېرىكانىڭ كۈچى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى ئاساس قىلغان مەۋجۇت خەلقئارا تەرتىپنى ۋەيران

قىلىشقا ۋە ئاغدۇرۇشقا ھېرىسمەن. (مەۋجۇت خەلقئارا تەرتىپنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئوتتۇرىسىدىكى) مەزكۇر توقۇنۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىملىق ئۇرۇش پەقەتلا بىر باشلىنىش بولۇشى مۇمكىن. گەرچە خىتاي ئاشكارا سورۇنلاردا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارىتا بىتەرەپ مەيدان تۇتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلىرى سۆزلىرىدىن بەكرەك ئېتىبارغا لايىقتۇر. مەسىلەن، غەربتىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر رۇسىيەگە ئېغىر ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزدى ـ يۇ، خىتاي ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە، رۇسىيە بىلەن خىتاي 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، يەنى رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئۈچ ھەپتىمۇ قالمىغان ۋاقىتتا، 117 مىليارد 500 مىليون دوللارلىق نېفىت ۋە تەبىئىي گاز توختامى ئىمزالاشتى. رۇسىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان تىجارىتى ئۇنى غەربنىڭ ئىقتىسادىي زەربىلىرىنىڭ تەسىرىنى يېنىكلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. Visa ۋە Mastercard قا ئوخشاش شىركەتلەرنىڭ رۇسىيەدىن چېكىنىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ كرېدىت كارتا شىركەتلىرى رۇسىيە بازىرىغا كىرىشى مۇمكىن. خىتاي تاراتقۇلىرى ئۇكرائىنا ئۇرۇشى توغرىسىدا رۇسىيەنىڭ مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئۇكرائىناغا ۋە ئامېرىكاغا قارشى يالغان ـ ياۋىداقلارنى جان جەھلى بىلەن تەشۋىق قىلماقتا.

شۇ ۋەجىدىن، گەرچە بەزىلەر ئۇكرائىنانىڭ ئامېرىكانىڭ ياكى غەربنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە بولغان مۇھىملىقىغا گۇمان بىلەن قارىسىمۇ، بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ يەردە قىلىنىۋاتقان ئۇرۇش يالغۇز ئۇكرائىنا ئۈچۈنلا قىلىنغان ئۇرۇش بولماستىن، ئەكسىچە بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردىكى ئۆزگىرىشنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ ئۇرۇشنىڭ قانداق نەتىجىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، توقۇنۇشنىڭ ئۆزىلا كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ زۇلمەتلىك بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

https://cepa.org/a-new-and-darker-cold-war/



# پەرزەنتلەرنى ماختاش كېرەكمۇ؟

كارا گۇدۋن

# پەرزەنتلەرنى ماختاش كېرەكمۇ؟

دوكتور كارا گۇدۋىن

**مۇھىم نۇقتىلار**

**يېقىنقى مەزگىللەردە، بالىلارنى ماختاشقا شىددەت بىلەن قارشى تۇرغۇچىلار «بالىلارنى ماختاۋەرسەك، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئېتىراپىغا زىيادە تايىنىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېيىشتى.**

**ھالبۇكى، ئالاقىدار تەتقىقاتلار بىردەك ھالدا، ماختاشنىڭ بالىلارغا ئومۇمەن ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.**

**ماختاش چوقۇم كونكرېت، سەمىمىي ۋە بالىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللايدىغان رەۋىشتە بولۇشى، شۇنداقلا بالا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئەمەللەرگە مەركەزلەشكەن بولۇشى كېرەك.**

**ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي ھالدا بالىلىرىنى ماختاشقا مايىل كېلىدۇ. لېكىن، يېقىندىن بۇيان — بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا — ماختاشقا قارشى شىددەتلىك تەنقىدلەر باش كۆتۈردى. بەزىلەر بالىلارنى ماختاۋەرگەن تەقدىردە، ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىراپىغا زىيادە تايىنىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرىدا ماختالغان ئاشۇ قىلمىشقا ئىشتىراك قىلىشقا بولغان ئىچكى تۈرتكىسىنىڭمۇ ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنداقتا، بالىلارنى ماختاشقا ئالاقىدار تەتقىقاتلاردا زادى قانداق بايقاشلار قولغا كەلتۈرۈلدى؟ بالىلارنى ماختاش ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ، شۇنداقلا ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت. ئارىسىدىكى. مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىمۇ، ئەمەسمۇ؟ يا.كى. ئۇ راستىلا بەزى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك، بالىلارنى باشقىلارنىڭ ئېتىراپىغا زىيادە تايىنىدىغان قىلىپ، ئۇلاردىكى ئىچكى تۈرتكىنى ئاجىزلىتىۋېتەمدۇ؟**

**تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ماختاش بالىلارغا ئومۇمەن ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىكەن. چۈنكى، ئۇ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، پايدىلىق قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئىچكى تۈرتكىنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىكەن. ماختاش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە چوڭ مېڭىدىكى ھېسداشلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئوچۇق تەپەككۇرلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك رايوندىكى مېڭە ماددىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگىمۇ تۈرتكە بولىدىكەن. ئاخىرىدا، تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە،**

ماختاش ئىجابىي بالا تەربىيەلەش مېتودىنىڭ يادرولۇق پرىنسىپى، شۇنداقلا كۆپىنچىسى پاكىتنى ئاساس قىلغان بالا تەربىيىلەش پروگراممىلىرىنىڭ زۆرۈر بىر قىسمى ئىكەن.

ھالبۇكى، تەتقىقاتلاردا يەنە بالىنى قانداق ماختاشنىڭ ھەقىقەتەن مۇھىم ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بەزى ماختاشلارنىڭ باشقىلىرىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۇنداقتا، بالىنى زادى قانداق ماختاش كېرەك؟ تۆۋەندە بالىنى ئۈنۈملۈك ماختاشنىڭ پاكىتلارنى ئاساس قىلغان ئۇسۇللىرىدىن يەتتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. شەخسنى ئەمەس، جەرياننى ماختاش

(زېرەكلىك، تەنھەرىكەتچانلىق ياكى گۈزەللىك دېگەندەك) بالىڭىز ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى ماختاشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى، تاكتىكىسىنى ۋە ئىش قىلىش جەريانىنى ماختاڭ. بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، بۇ خىل «جەرياننى ماختاش» ئۇسۇلى بالىلاردىكى ئىچكى تۈرتكىنى، شۇنداقلا مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەن چاغدىكى قەتئىيلىكنى كۈچەيتىدىكەن. «شەخسنى ماختاش» (يەنى بىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ماختاش) بولسا، بالىلارنىڭ ئۆز خاتالىقىغا تېخىمۇ بەك كىرىشىپ قېلىشىغا، تېخىمۇ ئاسان بەل قويۇۋېتىشىگە ۋە ئۆزىنى ئەيىبلىشىگە سەۋەبچى بولىدىكەن.

## 2. تىزگىنلەش تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى قوللاش تەرىقىسىدە ماختاش

بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ماختاش بالىلاردىكى مۇستەقىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ (باشقىلارنىڭ باھاسىغا تايىنىپ قالماستىن) ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىشىگە تۈرتكە بولىدىغان بولۇشى كېرەك ئىكەن. مەسىلەن، «سېنىڭ توپ كىرگۈزۈشۈڭ مېنى قالتىس خۇش قىلىۋەتتى» دېيىشنىڭ ئورنىغا، «قارىغاندا سەن ئۇ ئىشتىن بەكلا خۇشاللىق تاپىدىغاندەك قىلىسەن» دېگەن تۈزۈك.

## 3. بالىنى باشقا بالىلارغا سېلىشتۇرۇپ ماختاشتىن ساقلىنىش

سىز بالىڭىزنى باشقا بالىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ ماختىغىنىڭىزدا، دەماللىققا ئۈنۈمى بولغاندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇزۇن مۇددەتنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ماختالغان شۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېپادىسىگە ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تېپىش بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق باھا بېرىشكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن (يەنى بۇنىڭغا ئادەتلەنگەنلەر مۇئەييەن

بىر نىشانغا يەتكەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئېپادىسىنىڭ ئاللىكىملەرنىڭكىدىن ياخشى بولغانلىقىدىن خۇشاللىق تاپىدۇ. ھالبۇكى، بۇ نورمال پىسخىكا ئەمەس. ـ ت)

### 4. تومتاق ئەمەس، كونكرېت ئىبارىلەر بىلەن ماختاش

بىر تۇرلۇك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كونكرېت ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماختاشلار بالىلارنىڭ ئۆز ئېپادىسىنى قانداق ياخشىلاشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدىكەن. مەسىلەن، «ئويۇنچۇقلىرىڭنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قۇتىسىغا سېلىپ قويغىنىڭ قالتىس ئىش بولدى» دېيىش بالىلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتۈلگەن كونكرېت ئۈمىدنى چۈشىنىۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر بالىڭىز ئويۇنچۇقلىرىنى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن، سىز نوقۇل ھالدا «قالتىس» دەپلا قويسىڭىز، بالا سىزنىڭ نېمىنى نەزەردە تۇتقىنىڭىزنى بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. ھالبۇكى، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يېقىنقى بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، («پاھ!» دېگەنگە ئوخشاش) تومتاق ۋە مۇجمەل ماختاشلارمۇ بالىلارنىڭ قەتئىيلىكىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى ۋە بالىلارنى ئۆزىگە سەلبىي نەزەردە قارايدىغان قىلىپ قويماسلىقى مۇمكىن ئىكەن. يەنى بۇ خىل تومتاق ماختاشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەلبىي تەرىپى شۇكى، بۇ بالىلارغا كەلگۈسىدە ئۆزىنى قايسى جەھەتتە ياخشىلاش توغرىسىدا ئېنىق بىر كۆرسەتمە بېرەلمەيدۇ.

### 5. قول ئىشارىتى ئارقىلىق ماختاش

تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، ئاتا ـ ئانىلار گاھىدا بالىلىرىنى (باشمالتىقىنى چىقىرىش دېگەندەك) قول ئىشارىتى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈشنى ئويلايدىكەن. شۇنداقلا، بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، قول ئىشارىتى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بالىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان باھاسىنى ياخشىلاشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىكەن.

### 6. سەممىي ماختاش

بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز ئېپادىسىنى ئاشۇرۇپ ماختىۋېتىۋاتقانلىقىنى ياكى لايىقىدا ماختىمايۋاتقانلىقىنى بايقىسا، چۈشكۈنلۈك كېسەللىكە گىرىپتار بولۇش ۋە ئوقۇش نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۈچىيىدىكەن. يەنە بىر تۈرلۈك تەتقىقاتقا كۆرە، («بۇ مەن ئوقۇغان ئەڭ ئېسىل شېئىر بولدى» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن) زىيادە ئاشۇرۇپ ماختىۋېتىش بالىلاردىكى ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە، ئۇلارنىڭ خىرىستىن قېچىشىغا ۋە ماختاشقا زىيادە تايىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىكەن.

**7. ماختاش بىلەن ئەجابىي كۆڭۈل بۆلۈشنى بىرلەشتۈرۈش**

**ماختاشقا ئەجابىي كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ، ياكى (قۇچاقلاش، تەبەسسۇم قىلىش، پەپىلەش ياكى مېھىر-مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغان باشقا تۈرلۈك) ئىشارەتلىك ئەجابىي ئىنكاسنىڭ قوشۇلۇشى، بالىلارنىڭ قىلمىشنى ياخشىلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.**

**ھالبۇكى، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، ئاتا-ئانىلارنىڭ يۇقىرىقىلارنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىشى زۆرۈر ئەمەس. مەسىلەن، مەلۇم بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، بالىلار ئاڭلىغان ماختاشلارنىڭ كۆپىنچىسى (ھېچبولمىغاندا تۆتتىن ئۈچى) «جەريانغا قارىتىلغان ماختاش» بولسىلا، بالىلارنىڭ قەتئىيلىكى كۈچىيىپ، ئۆزىگە بولغان باھاسى ئاشىدىكەن.**

**يىغىپ ئېيتقاندا، ماختاش سەممىي بولسا؛ بالىنىڭ نەتىجىنى تىزگىنلىيەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەلىسە؛ تىزگىنلەش تەرىقىسىدە ئەمەس، قوللاش تەرىقىسىدە بولسا؛ بالىدىكى ئىچكى تۈرتكىنى غىدىقلىسا؛ بالىنى باشقا بالىلارغا سېلىشتۇرمىسا؛ شۇنداقلا، كونكرېت ۋە دەل جايىدا بولسا، بالىلارنىڭ رىغبىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/parenting-translator/202203/should-parents-praise-their-children



# ئىقلىملارنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئىبنى خەلدۇن

# ئىقلىملارنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئىبنى خەلدۇن

## مۆتىدىل ۋە غەيرىي مۆتىدىل ئىقلىملارنىڭ كىشىلەرنىڭ تېرە رەڭگىگە ۋە باشقا بىر قاتار ئەھۋاللىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بىز يەر يۈزىنىڭ سۇ بىلەن قاپلانمىغان جايلىرىنىڭ (يەنى قۇرۇقلۇقنىڭ) ئىچىدە گۈللەنگەن يەرلىرىنىڭ پەقەت يەر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى (ۋە) مۆتىدىل ئىقلىملار ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇنداق بولۇشى يەرشارىنىڭ جەنۇب تەرىپىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىسسىق، شىمال تەرىپىنىڭ پەۋقۇلئاددە سوغۇق بولغانلىقىدىندۇر. جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلەر، ئىسسىق ـ سوغۇقلۇق ئېتىبارى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ زىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا كەلگەنسېرى، ئىسسىق ـ سوغۇقلۇق دەرىجىسى تەدرىجىي پەسكويغا چۈشۈپ، بۇ يەر مۆتىدىللىشىدۇ.

بۇنىڭغا كۆرە (جەنۇبتا ئېكۋاتوردىن باشلىنىپ، شىمالسېرى سوزۇلغان يەتتە ئىقلىمنىڭ ئىچىدە) تۆتىنچى ئىقلىم ئاۋاتلىق (يەنى ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋە روناق تېپىشى) نۇقتىسىدىن ئەڭ مۆتىدىلدۇر. مەزكۇر ئىقلىمنىڭ يېنىدىكى (يەنى جەنۇب ـ شىمال تەرەپتە مەزكۇر ئىقلىمغا يانداشقان جايلاشقان) ئۈچىنچى ۋە بەشىنچى ئىقلىم رايونلىرى بولسا، مۆتىدىللىككە تولىمۇ يېقىندۇر. مەزكۇر ئىككى ئىقلىمغا يانداشىپ كەلگەن (جەنۇبتىكى) ئىككىنچى ئىقلىم بىلەن (شىمالدىكى) ئالتىنچى ئىقلىم مۆتىدىللىكتىن ۋە نورماللىقتىن يىراقتۇر. (جەنۇبتىكى) بىرىنچى ئىقلىم بىلەن (شىمالدىكى) يەتتىنچى ئىقلىم بولسا، مۆتىدىللىكتىن تېخىمۇ بەك يىراقتۇر. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، ئىلىم ـ ھۈنەرلەر، ئىمارەتلەر، كىيىم ـ كېچەكلەر، يېمەكلىكلەر، مېۋىلەر، ھەتتا ھايۋانلار ۋە (باشقا) جانلىقلار، ئومۇمەن ئوتتۇرىدىكى مەزكۇر

ئۈچ ئىقلىمدىكى (يەنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئىقلىملاردىكى) ھەممە نەرسە مۆتىدىللىك (ۋە كامىللىق) خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. بەدەن، رەڭ، ئەخلاق ۋە دىن جەھەتلەردە ئەڭ مۆتىدىل بولغان ئىنسانلار مۇشۇ بەلباغدا ياشايدۇ. (بەكرەك) جەنۇبتا ياكى شىمالدا بولغان ئىقلىمدىكىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچبىر مەلۇماتىمىز يوقتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەلى بولۇش ئالاھىدىلىكى پەقەت پەيغەمبەر ۋە رەسۇللەرگىلا خاستۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: {(ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى ۋە مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار (نىڭ مەنپەئەتى) ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر} [ئال ئىمران سۈرىسى 110 ـ ئايەت]. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تولۇق قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر[1].

مەزكۇر ئىقلىملاردا مۆتىدىللىك خۇسۇسىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىقلىملاردىكى كىشىلەر تولىمۇ مۇكەممەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ تۇرالغۇلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، يېمەكلىك ماددىلىرى ۋە ھۈنەرلىرى جەھەتتە تولىمۇ مۆتىدىل ۋە پەۋقۇلئاددە نورمال ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇلار (يۈكسەك) ھۈنەرنىڭ مەھسۇلى بولغان، يونۇلغان تاشلاردىن قوپۇرۇلغان (ئېگىز) بىنالارغا ئىگە بولۇپ، سايمان ـ جابدۇق ۋە قاچا ـ قۇچا ياساش جەھەتتە ئۆزئارا تولىمۇ كەسكىن رىقابەتلىشىدۇ. بۇ يەردىكى ئىنسانلار يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن ۋە قەلەي قاتارلىق تەبىئىي مەدەنلەرگە ئىگىدۇر. ئىقتىسادىي ۋە سودا مۇئامىلاتلىرىدا ئىككى قىممەتلىك ئاقچا (بولغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش) قوللىنىدۇ. ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئاشقۇنلۇق ۋە ئازغۇنلۇقتىن يىراقتۇر. بۇلار مەغرىب، سۈرىيە، ھىجاز، يەمەن (بىرى

[1] ئىبنى خەلدۇن مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئىلىم ۋە ھۈنەرنى، شۇنداقلا بۇلارنىڭ سەمەرىسى بولمىش تۇرالغۇ، يېمەكلىك، ئوزۇقلىنىش، قورال ـ جابدۇق، قاچا ـ قۇچا ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق خۇسۇسلارنى، ھەتتا گۈللىنىشنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىقلىم شارائىتلىرى بىلەن ئىزاھلىماقتا ۋە بۇ جەھەتتە مونتېسكيۇغا ئوخشاش قاراشتا بولماقتا. ھالبۇكى مونتېسكيۇ ئىبنى خالدۇندىن ئۈچ يېرىم ئەسىر كېيىن تۇغۇلغان. ئىنسانلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدىن باشقا، مىجەز ـ خۇلقىنىڭ شەكىللىنىشىنى، يەنى روھىي تۈزۈلۈشىنىمۇ ئىقلىم شارائىتلىرىغا ۋە جۇغراپىيەلىك خۇسۇسىيەتلەرگە باغلىغان ئىبنى خالدۇننىڭ پەيغەمبەرلىك مەسىلىسىنىمۇ ئۇشبۇ ئامىل ئارقىلىق ئىزاھلىشى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ھەقىقەتەن، مەيلى ئېكۋاتورغا يېقىن جايلاردا، ياكى قۇتۇپقا يېقىن رايونلاردا پەيغەمبەرلەردىن قالغان ئىزنالار يوقتۇر. بىز بىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى مۆتىدىل بەلباغدا ياشىغان. مىجەز ـ خۇلق جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى تەقى ـ تۇرق جەھەتتىمۇ ئەڭ مۆتىدىل ــ بۇ يەردە مۆتىدىللىك كامىللىق، مۇكەممەللىك مەنىسىدە قوللىنىلغان ــ كىشىلەر بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ مۆتىدىل ئىنسانلار ياشايدىغان مۆتىدىل ئىقلىم كىشىلىرى ئارىسىدىن تاللىنىشى تەبىئىي، شۇنداقلا تولىمۇ مۇۋاپىق ئىشتۇر. ئەنە شۇ تەرىقىدە، ئىقلىم شارائىتلىرىدىكى مۆتىدىللىك ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي تۈزۈلۈشىدە، ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى مۆتىدىللىك (ۋە مۇكەممەللىك) بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي تۈزۈلۈشىدە ئەكس ئەتكەن.

ئەرەب، يەنە بىرى ئەجەم بولغان) ئىككى ئىراق، ھىند، سىند ۋە خىتاي ئاھالىسىدۇر. ئەندەلۇس ۋە بۇ يەرگە يېقىن بولغان فرانك، گالىسىيە، رىم ۋە يۇنان خەلقىمۇ شۇنداقتۇر. گېپى بولۇنغان مۆتىدىل ئىقلىملار ئىچىدە يۇقىرىقىلار بىلەن بىللە ياشىغان ۋە بۇلارغا يېقىن بولغان خەلقلەرمۇ ئاشۇنداقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىدىل بولغان يەر ئىراق بىلەن سۇرىيەدۇر. چۈنكى، بۇ يەر ھەر تەرەپكە نىسبەتەن ئوتتۇرىدىدۇر.

ئەمدى مۆتىدىللىكتىن (ۋە نورمال ھاۋا شەرت ـ شارائىتلىرىدىن) يىراق بولغان (ئېكۋاتور ئەتراپىدىكى) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىقلىم بەلباغلىرى بىلەن (قۇتۇپلارغا يېقىن بولغان) ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى ئىقلىم بەلباغلىرىغا كېلەيلى: بۇ يەردىكى ئاھالە ئومۇمي جەھەتتىن مۆتىدىللىكتىن (ۋە نورمالىلىقتىن) بەكلا يىراقتۇر. بۇلار ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى لايدىن ۋە قومۇشتىن سالىدۇ. يېمەكلىكلىرىنى تېرىق ۋە ئوت ـ چۆپتىن؛ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بولسا، يا ۋۇجۇدىنى يېپىشتا ئىشلىتىدىغان يوپۇرماقلاردىن، ياكى تېرىدىن تەييارلايدۇ. ھەتتا، نۇرغۇنى كىيىم ـ كېچەكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەستىن، يالىڭاچ ياشايدۇ. بۇلارنىڭ دىيارلىرىدىكى مېۋىلەر ۋە تاماقلىرى قوشۇپ يەيدىغان نەرسىلىرى شەكىللىنىش ئېتىبارى بىلەن، ياۋىدۇر ۋە مۆتىدىللىكتىن يىراقتۇر. بۇلار مۇئامىلاتلىرىدا ئىككى قىممەتلىك ئاقچا (ئالتۇن بىلەن كۈمۈش) قوللانماستىن، قىممىتى بەلگىلەنگەن مىس، تۆمۈر ياكى تېرىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىم ـ بېرىم جەريانىدا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ خۇيى «ھايۋانى ناتىق» (سۆزلەيدىغان ھايۋان)دىن بەكرەك «ھايۋانى ئۇجما» (تىلسىز ھايۋانلار)نىڭكىگە يېقىندۇر. ھەتتا، بىرىنچى ئىقلىم ئاھالىلىرىدىن بولغان سۇدانلىقلارنىڭ نۇرغۇنىنىڭ غار ۋە ئورمانلاردا ياشايدىغانلىقى؛ مەدەنىي ھاياتقا كۆنمىگەن، ياۋايىلاشقان ۋەھشىي كىشىلەر بولغانلىقى سەۋەبلىك بىر ـ بىرىنى يېگەنلىكلىرى نەقىل قىلىنغان. سلاۋيانلارمۇ شۇنداقتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، گېپى بولۇنغان كىشىلەرنىڭ مۆتىدىللىكتىن (ۋە نورمال ئىقلىم شارائىتلىرىدىن) يىراق ئىكەنلىكى، مىجەز ۋە ئەخلاقىدىكى ئالامەتلەرنىڭ (ۋە سۈپەتلەرنىڭ، سۆزلەيدىغان ھايۋانلارغا ئەمەس) تىلسىز ياۋايى ھايۋانلارغا يېقىن ئىكەنلىكىدۇر. بۇلار تىلسىز ھايۋانلارغا يېقىن بولغان مىقداردا ئىنسانىيلىقتىن يىراقلىشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىمۇ ئاشۇنداقتۇر. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىمۇ بىلمەيدۇ، بىرەر شەرىئەت بويىچىمۇ يول تۇتمايدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ مۆتىدىل ئىقلىملارغا يېقىن جايلاردا ياشىغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەمما، بۇنداقلارنىڭ سانى تولىمۇ ئازدۇر. ئىسلامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، شۇنداقلا بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر، خىرىستىيان دىنىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن ۋە يەمەنلىكلەر بىلەن قوشنا بولغان ھەبەشلەر ئەنە شۇنداقتۇر. مالى، كۇكۇ (گاۋگاۋ) ۋە تەكرۇر قاتارلىق مەغرىبكە يېقىن بولغان، شۇنداقلا بۈگۈنگە قەدەر ئىسلامغا باغلىنىپ كەلگەنلەرمۇ شۇنداقتۇر. بۇلار ھىجرىيە 7 ـ ئەسىردە ئىسلامغا كىرگەن دېيىلىدۇ. شىمالدا خىرىستىيان دىنىغا يېپىشىپ ياشىغان سلاۋيان، فرانك ۋە تۈرك قەۋملىرىمۇ بۇنىڭ مىسالىلىرىدىندۇر. بۇلاردىن باشقا، جەنۇب ۋە شىمالدىكى غەيرىي مۆتىدىل ئىقلىملارنىڭ ئاھالىسىگە نەزەر سالغاندا، شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، بۇلار (ساماۋى) دىنىدىن خەۋەرسىزدۇر

ۋە ئارىلىرىدا ئىلىم يوقتۇر. بۇلار ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلاردىن يىراق، ھايۋانلارغا يېقىنراقتۇر. {ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان (نۇرغۇن) نەرسىلەرنى يارىتىدۇ} [سۈرە نەھل 8 ـ ئايەت].

يەمەن، ھەزرەمەۋت، ئەھقاف، ھىجاز، يەمامە قاتارلىق دىيارلارنىڭ ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىقلىمغا يېقىن جايلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرىدىكى قاراشقا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئۈچ تەرىپى تامامەن دېڭىز بىلەن قورشالغان. بۇ خۇسۇستا ئىلگىرىمۇ توختالغانىدۇق. شۇ ۋەجىدىن، دېڭىزدىكى نەملىك يېرىم ئارالدىكى ھاۋانىڭ نەملىكىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بۇ ئىسسىقلىقنىڭ تەقەززاسى بولغان قۇرغاقلىقنىڭ ھەمدە پەۋقۇلئاددە ئىسسىقنىڭ پەسىيىشىگە سەۋەب بولغان. شۇ سەۋەبتىن، دېڭىزدىكى نەملىك سەۋەبلىك بۇ يەردە (مەدەنىيەتنىڭ راۋاجىغا ماس كېلىدىغان) مۆتىدىل بىر ۋەزىيەت ۋۇجۇدقا كەلگەن.

شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە ئىلىمگە ئىگە بولمىغان بەزى نەسەبشۇناسلار «ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ھامنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە پۇشتى بولمىش سۇدانلىقلار، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامغا قىلغان بەددۇئاسى سەۋەبلىك قارا تەنلىك بولۇپ قالغان. بۇ بەددۇئا ھامنىڭ تېرە رەڭگىگە تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنى (قارا تەنلىك) قۇل قىلىشقا سەۋەب بولغان» دەپ قاراشماقتا. نەسەبشۇناسلار بۇ خۇسۇستا قىسسىچىلەرنىڭ خۇراپاتلىرىدىن بولمىش بىر ھېكايىنى نەقىل قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، نۇھنىڭ ئوغلىغا بەددۇئا قىلغانلىقى تەۋراتتا زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ يەردە «قارا تەنلىك»لىك توغرىسىدا توختىلىنمىغان. تەۋراتتا كۆرە، نۇھ ئوغلى ھامغا پەقەت: «ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى (باشقىلارغا ئەمەس، پەقەت) قېرىنداشلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قۇل بولسۇن» دەپ بەددۇئا قىلغان.

«قارا تەنلىك»لىكنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى) ھامغا نىسبەت بېرىش ئىسسىقنىڭ ۋە سوغۇقنىڭ تەبىئىتىنى، بۇلارنىڭ ھاۋاغا ھەمدە شۇ ھاۋا شارائىتىدە دۇنياغا كەلگەن مەخلۇقاتلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بىلمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر. جەنۇبتىكى ھارارەتنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان ھاۋانىڭ تەبىئىتى ۋە قۇرۇلمىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ رەڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىقلىمدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ بەلباغدا قۇياش ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كېلىدۇ. قۇياشنىڭ ئىككى قېتىم ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كېلىشى بىرـ بىرىگە يېقىن ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قۇياشنىڭ يۇقىرى پەللىدە تۇرۇشى ئومۇمەن بىر پۈتۈن پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. كىشىلەر پېژغىرىم ئىسسىقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ ۋە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھارارەت سەۋەبلىك، بۇ بەلباغدىكىلەرنىڭ تېرىسى قارىدايدۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ زىتى بولغان شىمالدىكى ئىككى ئىقلىمدا، يەنى ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى ئىقلىمدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان (ماھىيەتتىكى) ئىش يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىقلىملاردا ياشىغانلار ئومۇمىيۈزلۈك ئاق

تەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇلار ياشىغان ھاۋانىڭ شىمالدىكى پەۋقۇلئاددە سوغۇقتىن مەنبەلەنگەن تەبىئىتىدۇر. چۈنكى، بۇ يەردە قۇياش كۆزگە كۆرۈنىدىغان دائىرىدىكى ئۇپۇقتا بولىدۇ ۋە ھېچقاچان ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ياكى شۇنىڭغا يېقىن بىر يەرگە يۈكسەلمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇ يەردە ھارارەت تولىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. شىددەتلىك سوغۇق ئومۇمەن پەسىللەر بويىچە داۋاملىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر بەلباغدىكىلەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇ ئۇلارنىڭ كوسا (ساقال ـ بۇرۇتسىز) بولۇپ قېلىشىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە پەۋقۇلئاددە سوغۇق ھاۋانىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى كۆك، تېرىسى سەپكۈنلۈك ۋە چاچلىرى قوڭۇر بولىدۇ.

پەۋقۇلئاددە ئىسسىق (بولغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى) ئىقلىم بىلەن پەۋقۇلئاددە سوغۇق (بولغان يەتتىنچى ۋە ئالتىنچى) ئىقلىملارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇراھال ئىقلىملاردىن ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئىقلىملار يەر ئالغان. مەزكۇر ئۈچ ئىقلىم مۆتىدىللىكتىن مول نېسىۋە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆتىنچى ئىقلىم ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە مۆتىدىلدۇر. چۈنكى، بۇ ئىقلىم ئوتتۇرىغا جايلىشىش جەھەتتە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىدۇر. بۇ خۇسۇسىتىمۇ ئىلگىرى توختالغانىدۇق. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئىقلىمدىكى كىشىلەر ئۆزى ياشاۋاتقان ھاۋانىڭ تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە، تەقى ـ تۇرق ۋە خۇي (تەن ۋە روھ، تەن قۇرۇلۇشى ۋە خاراكتېر) جەھەتتىن مۆتىدىلدۇر. بۇ جەھەتتە تۆتىنچى ئىقلىمدىن كېيىن، ئۇنىڭ (جەنۇب ـ شىمال) ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان ئۈچىنچى ۋە بەشىنچى ئىقلىم كېلىدۇ. مەزكۇر ئىككى ئىقلىم دەل ئوتتۇرىغا جايلىشىش جەھەتتە (تۆتىنچى ئىقلىمدەك) ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدە بولمىسىمۇ، لېكىن تۆتىنچى ئىقلىمغا يېقىندۇر. ئۇلارنىڭ دەل ئوتتۇرىدا ئەمەسلىكى ئۈچىنچى ئىقلىمنىڭ ئۆزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسسىق ئىقلىملارغا، بەشىنچى ئىقلىمنىڭمۇ ئۆزىنىڭ شىمالىدىكى سوغۇق ئىقلىملارغا مايىل ۋە قوشنا ئىكەنلىكىدىندۇر. لېكىن، مەزكۇر ئىككى ئىقلىم يەنىلا نورمالدىن ھالقىغان ھالەتتىندۇر. بۇ يەرلەردىكى كىشىلەرمۇ تەقى ـ تۇرق ۋە خۇي جەھەتتە ئاشۇنداق، يەنى مۆتىدىللىكتىن چەتنەپ كەتكەندۇر. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىقلىم ئىسسىقلىق ۋە قارا تەنلىكلىك، يەتتىنچى ۋە ئالتىنچى ئىقلىم سوغۇق ئاق تەنلىكلىك سەۋەبلىك، ئاشۇ خىل ئەھۋالدىدۇر.

جەنۇبتىكى ئىقلىملاردىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىقلىم بەلباغلىرىدا ياشىغانلار ھەبەش، زەڭگى، سۇدانلىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىدىن تېرىسى قارىداپ كەتكەن تۈرلۈك قەۋملەرگە بېرىلگەن مەنىداش ئىسىملەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ھەبەشلەر» دېگەن ئىسىم مەككە ۋە يەمەننىڭ قارشىسىدا، «زەڭگى» ئىسمى بولسا (تېخىمۇ جەنۇبتا) ھىندى ئوكياننىڭ قارشىسىدا ياشايدىغان كىشىلەرگە خاستۇر. بۇلارغا بۇ ئىسىملارنىڭ بېرىلىشى قانداقتۇر ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر قارا تەنلىك كىشىنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكى، ۋەياكى ھام ياكى باشقا بىرىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس.

شۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ئەسلىدە جەنۇبلۇق بولغان سۇدانلىقلاردىن (ۋە زەڭگىلەردىن) مۆتىدىل بەلباغ بولمىش تۆتىنچى ئىقلىمدا ياكى ئاقلىققا مايىل بولغان يەتتىنچى ئىقلىمدا ياشىغانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ئاقارغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەسلىدە شىماللىق ياكى تۆتىنچى ئىقلىم كىشىلىرىدىن بولۇپ، كېيىن جەنۇبتا ياشىغانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تېرىسى قارىدىغان. بۇمۇ تېرە رەڭگىنىڭ ھاۋانىڭ تەبىئىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىبنى سىنا تىبابەتكە ئالاقىدار نەزمىسىدە شۇنداق دېگەن:

«ئىسسىقلىق زەڭگىلەرنىڭ بەدەنلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن،

ھەتتا ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى قارىغا پۈركىگەن.

سلاۋىيانلار بولسا ئاق رەڭگە كىرگەن،

ھەتتا شۇ سەۋەبلىك تېرىلىرى يۇمشاپ كەتكەن.»

شىمالدىكى قەۋملەر تېرىلىرىنىڭ رەڭگى سەۋەبلىك مەخسۇس بىر ئىسىم بىلەن ئاتالمىغان. چۈنكى، ئىسىم قويىغان تىلشۇناسلارمۇ ئاق تەنلىك ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئاق تەنلىكلەرگە ئىسىم قويۇش جەھەتتە، ئېتىبارغا ئالغۇدەك بىر غەلىتىلىك يوق ئىدى. يەنى، ئاقلىق تىلشۇناسلارغا مۇۋاپىق كۆرۈنىدىغان، ئۇلار كۆنگەن رەڭ ئىدى. شىمالدا ياشايدىغان تۈركلەرنى، سلاۋىيانلارنى، توققۇز ئوغۇزلارنى (ئۇيغۇرلارنى)، ھازەرىيلەرنى، ئالانلارنى ۋە فرانكلارنىڭ نۇرغۇنىنى، شۇنداقلا يەجۇج ۋە مەجۇجنى خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتالغان جامائەتلەر ۋە خىلمۇخىل مىللەتلەر سۈپىتىدە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئەمدى ئوتتۇرىدىكى ئۈچ ئىقلىمدىكى كىشىلەرگە نەزەر سالايلى: بۇلارنىڭ بەدىنى، مىجەز-خۇلقى مۆتىدىلدۇر. چۈنكى، ئۇلار تىرىكچىلىك، تۇرالغۇ، ھۈنەر، ئىلىم، سىياسىي رەھبەرلىك ۋە ھوقۇق قاتارلىق مەدەنىي ھايات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق شەرتلەرنى ئۆزلىرىدە ھازىرلىغان. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، رەھبەرلىك، پەيغەمبەرلىك، ھوقۇق، دۆلەتلەر، شەرىئەتلەر، ئىلىملەر، يۇرتلار، شەھەر-بازارلار، بىنالار، باغۋەنچىلىك، ئۈستۈن ھۈنەرۋەنلىك ۋە باشقا مۆتىدىل (تەبىئىي) ھالەتلەر ئۇلاردا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەرەب، رىم، پارس، بەنى ئىسرائىل، يۇنان، سىند، ھىند ۋە خىتاي قەۋملىرى بۇنىڭغا مىسالدۇر. نەسەبشۇناسلار بۇلارنىڭ چىراي-تۇرق جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا، بۇنى ئۇلارنىڭ پەرقلىقتىن نەسەبلەردىن ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ، جەنۇبتا ياشىغان سۇدانلىقلارنىڭ، يەنى قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ھامنىڭ بالىلىرى ۋە ئەۋلادلىرى دەپ قارىدى. بۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭلىرى (شۇنداقلا بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەۋەبى) خۇسۇسىدا ئىككىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدا گېپى بولۇنغان پەلپەتىش ھېكايىنى نەقىل قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. شىمالدىكى قەۋملەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى) يافەسنىڭ نەسلىدىن دېيىشتى. ئىلىملەرنى، ھۈنەرلەرنى، دىنلارنى، شەرىئەتلەرنى، سىياسەتنى، ھۆكۈمدارلىقنى كەسىپ قىلغان (يەنى مۇشۇنىڭدەك

شەيئىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغان) ۋە ئوتتۇرا بەلباغدا ياشايدىغان مۆتىدىل قەۋملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى بولسا، شامنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەسلى دەپ قاراشتى.

بۇ قاراش گېپىي بولۇنغان قەۋملەرنىڭ نەسەبى نۇقتىسىدىن تاسادىپىي توغرا ۋە راست بولغان تەقدىردىمۇ، سىستېمىلىق قىياس ۋە قائىدە بولماستىن، پەقەت (تاسادىپىي توغرا چىقىپ قالغان) بىر رىئاللىقنى بايان قىلغانلىقتۇر، خالاس. جەنۇبتىكى قەۋملەرنىڭ سۇدانلىق ۋە ھەبەشىي (زەڭگى) دەپ ئاتىلىشى قارا تەنلىك ھامغا نىسبەت بېرىلگەنلىكتىن ئەمەس. نەسەبشۇناسلارنىڭ بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل پەقەتلا ئۇلارنىڭ «قەۋملەر ئارىسىدا كۆرۈلگەن سۈپەت ۋە پەرقلەرنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى نەسەبتۇر» دەپ قارىۋالغانلىقىدۇر. لېكىن، (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) زىنھار بۇنداق ئەمەس. دەرۋەقە، بەزى قەۋم ۋە ئىرقلاردا بۇ پەرقلەرنىڭ سەۋەبى (ۋە مەنبەسى) نەسەبتۇر. مەسىلەن، ئەرەبلەردە، بەنى ئىسرائىلدا ۋە پارسلاردا ئەھۋال شۇنداق. ئەمما، بەزى قەۋملەردە، بۇ خىل پەرقلەرنىڭ سەۋەبى (ئۇلار ياشىغان) رايون ۋە سىما (يەنى چىراي-تۇرق ۋە تەن تۈزۈلۈشى)دۇر. مەسىلەن، زەڭگىلەردە، ھەبەشىيلەردە، سلاۋىيانلاردا ۋە سۇدانلىقلاردا ئەھۋال ئەنە شۇنداقتۇر. يەنە بەزى قەۋملەردە بولسا، بۇ خىل پەرقلەرنىڭ كۆرۈلۈشىگە نەسەبتىن سىرت، ئادەتلەر ۋە پەرقلەندۈرگۈچى ئالامەتلەر سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، ئەرەبلەردە مۇشۇ خىل ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. مەزكۇر پەرقلەرنىڭ، قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە پەرقلەندۈرگۈچى سۈپەتلىرى دېگەندەك باشقا بىر تالاي سەۋەبلىرى باردۇر. شۇنداق ئىكەن، جەنۇب ۋە شىمالنىڭ مۇئەييەن تەرەپلىرىدە ۋە رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ھەققىدە: «بۇلار تونۇلغان پالانى كىشىنىڭ پۇشتى بولغانلىقتىن، ئەجدادىدا بار بولغان خۇسۇسىيەت، تېرە رەڭگى ۋە چىراي-تۇرق ئەۋلادلىرىغا مىراس قالغان» دېگەن شەكىلدە ئومۇمىي ھۆكۈم چىقىرىش شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىدىن ۋە جۇغراپىيەلىك ئامىللاردىن بىخەۋەر قېلىشتىن مەنبەلەنگەن خاتالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىسى شۈبھىسىزكى، (تېرە رەڭگى ۋە چىراي-تۇرق دېگەندەك) مەزكۇر ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان تېرە رەڭگىنىڭ كىلىماتقا ئاساسەن ئۆزگىرىش مىسالىدىكىدەك، ئەسلىدە بار بولغان بىر نەرسە يوق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسە پەيدا بولۇپ، ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ). بۇ خىل شەيئىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە داۋاملىشىپ مېڭىشىمۇ زۆرۈر ئەمەس. بەندىلىرى

**ھەقىقەدە ئاللاھنىڭ تۇتقان يولى شۇدۇر ۋە «بۇ ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» [سۈرە ئەھزاب 62 ـ ئايەت].[2]**

ئىبنى خەلدۇننىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

---

[2] ئىبنى خەلدۇن بۇ يەردە مۇھىم بىر مەسىلە توغرىسىدا توختالغان بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئىرق ۋە نەسەب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش جەريانىدا، «نەسەبشۇناسلىق» دېيىلگەن نەسەب ئىلمى بىلەن ھەپىلەشكەن ئالىملارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەن، مىللەتنى مىللەتكە، قەۋمدىن قەۋمگە، جەمئىيەتتىن جەمئىيەتكە ۋە جامائەتتىن جامائەتكە قاراپ ئۆزگىرىدىغان جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي ھالەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ نوقۇل ھالدا ئىرق ۋە نەسەبتىن مەنبەلەنمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ باشقا سەۋەبلىرىمۇ بارلىقىنى دەلىللىك ۋە توغرا رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويغان. ئىبنى خالدۇنغا كۆرە، مىللەتلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ پەرقلىق ھالەتلەرگە، خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى:

1) نەسەب

2) جۇغراپىيەلىك رايون ۋە ئىقلىم شارائىتلىرى، ماددىي ئالامەت

3) ئىجتىمائىي ئادەت، ئەنئەنە

قاتارلىق سەۋەبلەرگە ۋە ئايرىم-ئايرىم ئامىللارغا باغلىقتۇر.

ئۇنىڭ نەزىرىدە، مىللەتلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ پۈتۈن ئالاھىدىلىكلىرى، خىسلەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرى نەسەبتىن مەنبەلەنگەن ئەمەس. ئىرق ۋە نەسەب پەقەت بۇ جەھەتتىكى تۈرلۈك ئامىللاردىن بىرىدۇر. مىللىي خۇسۇسىيەتلەر ۋە سۈپەتلەر، شۇنداقلا ئىجتىمائىي پەزىلەتلەر ئىرسىي بولماستىن، بەلكى تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە جىسمانىي شارائىتلارغا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ ئېقىنىدا، مىللەتلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، شۇنداقلا بۇ بەزىدە تېخىمۇ ياخشىغا قاراپ ئۆزگىرىش بولسا، بەزىدە تېخىمۇ ناچارغا قاراپ ئۆزگىرىش بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ئىلگىرىلىشى ۋە يۈكسىلىشى، ياكى چېكىنىشى، چۆكۈشى ۋە خارابلىششىمۇ شۇ تەرىقىدە ئىزاھلانغان بولىدۇ.



# ياڭاق ۋە سالامەتلىك

# ياڭاق ۋە سالامەتلىك

ياڭاق بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ تونۇشلۇق مېۋىدۇر. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن چىقىدىغان ياڭاقلارنىڭمۇ يىراق-يېقىندا داڭقى بار.

بۇنىڭدىن سىرت، ياڭاقنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىن بىرى ئىكەنلىكى تىبابەت ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ئەمەلىيەتتۇر.

ھالبۇكى، ھەممىمىز دېگۈدەك ياڭاقنىڭ مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقى دېگەندەك بەزى پايدىلىرىنى بىلسەكمۇ، ئەمما ياڭاقنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولۇشىمىز ناتايىن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى قىسمەن بولسىمۇ تولۇقلار دېگەن ئۈمىدتە بۇ ماقالىنى تەييارلىدۇق.

ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى

ھەر ئوتتۇز گرام ياڭاق تەخمىنەن شۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

206 كىلو كالورىيە/ 806 كىلوجوئۇل

4.4 گرام ئاقسىل

20.6 گرام ماي

14 گرام كۆپ ـــ تويۇنمىغان ياغ

1.4 گرام تالا

135 مىللىگرام كالىي

48 مىللىگرام ماگنىي

28 مىللىگرام كالتسىي

114 مىللىگرام فوسفور

20 مىكروگرام يوپۇرماق كىسلاتاسى

بارلىق قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرگە ئوخشاش، ياڭاقنىڭ تەركىبىدە مول مىقداردا ماي ماددىسى بار، ئەمما ئۇلار كۆپىنچە كۆپ ـــ تويۇنمىغان ياغ شەكلىدە بولغاچقا، ياڭاق بەدەن ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسىنىڭ قىممەتلىك مەنبەسىدۇر.

ئۇنداقتا، ياڭاقنىڭ ئاساسلىق پايدىلىرى قايسىلار؟

**1. مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ**

ياڭاقنىڭ تەركىبىدە مۇھىم فىترو خىمىيەلىك ماددىلار، شۇنداقلا مول مىقداردا كۆپ ـــ تويۇنمىغان ياغ بار بولۇپ، بۇلار چوڭ مېڭىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ. ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسى چوڭ مېڭىنىڭ ئوكسىدلىنىش سېزىمچانلىقىنى تۆۋەنلىتىشكە ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، چوڭ مېڭىنىڭ سىگنال يەتكۈزۈشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يېڭى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ياڭاق تەركىبىدە مول مىقداردىكى پايدىلىق ياغلاردىن باشقا، ۋىتامىن E، يوپۇرماق كىسلاتاسى، قوغدىنىشچان فىترو خىمىيىلىك ماددىلار ۋە ئېللاگىك كىسلاتا قاتارلىق مۇھىم ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ھەممىسى بار بولۇپ، بۇلار مېڭىنىڭ نېرۋىنى قوغداش فۇنكسىيەسىنى ياخشىلاپ، ئەسنى تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

**2. روھنى ئۇرغۇتىدۇ**

ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە فۇنكسىيەسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئىستىقباللىق تەتقىقاتلار ۋە كلىنىكىلىق پاكىتلار ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسىنىڭ بەزى كەيپىيات قالايمىقانچىلىقلىرىنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

گەرچە مەخسۇس ياڭاقنىڭ تەسىرىنى باھالىغان بىر تەتقىقاتتا پەرقلىق بايقاشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما چۈشكۈنلۈك كېسىلى بولمىغان ساغلام ياش ئەرلەرنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكىگە ياڭاق قوشۇلغاندا، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ياخشىلانغاندەك قىلىدۇ.

**3. يۈرەك ساغلاملىقىغا پايدىلىق**

«ئوزۇقلۇقشۇناسلىق ژۇرنىلى»نىڭ ماقالىسىگە كۆرە، ياڭاق يېگەندە يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ خەۋپىنى ئازايتقىلى بولىدىكەن، شۇنداقلا ياڭاق مېيى ئېندوتېلىيە (قان تومۇر ۋە لىمفا نەيچىلىرىمىزنىڭ ئەستىرى) ئىقتىدارىغا تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەن.

«برىتانىيە ئوزۇقلۇق ژۇرنىلى» ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ھەر ھەپتىدە تۆت قېتىمدىن ئارتۇق قاتتىق پوستلۇق مېۋە يېگەن كىشىلەرنىڭ تاجىسمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 37 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن.

**4. ئورۇقلاشقا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن**

ياڭاقنى باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ئورنىدا ئىستېمال قىلغاندا — قۇۋۋىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماستىن — ئادەمنى سەمرىتىۋەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بەزى پاكىتلار مەۋجۇت. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ياڭاق بەدەن ئېغىرلىقىنى تىزگىنلەشنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك «ئورۇنباسار» يېمەكلىك بولالىشى مۇمكىن.

**5. ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ**

يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان، ھايۋانلارغا قارىتىلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ياڭاق يېيىش ئۈچەيدىكى مىكرو ئورگانىزم توپىنى، يەنى ئۈچەيدە ياشايدىغان پايدىلىق مىكروبلارنى كۆپەيتەلەيدىكەن. ھالبۇكى، بۇ خىل ئەھۋال ئىنسان تېنىدىمۇ تەكرارلانغان.

**6. ياللۇغنى پەسەيتىدۇ**

ياللۇغ — يۈرەك كېسەللىكلىرى، 2-تىپلىق دىئابىت كېسىلى، ئالزىمېر كېسەللىكى ۋە راك قاتارلىق نۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئوكسىدلىنىش سېزىمچانلىقىدۇر.

ياڭاق تەركىبىدىكى پولىفېنول بۇ خىل ئوكسىدلىنىش سېزىمچانلىقىغا ۋە ياللۇغقا قارشى تۇرالايدۇ. پولىفېنولنىڭ «ئېللاگىتاننىن» دەپ ئاتىلىدىغان تارماق گۇرۇپپىسى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىشى مۇمكىن.

شۇنداقلا، ئۈچەيدىكى پايدىلىق باكتېرىيەلەر ئېللاگىتاننىننى يۇرولىسىڭ (urolithins) دەپ ئاتىلىدىغان بىرىكمىلەرگە ئايلاندۇرىدىغان بولۇپ، بۇ بىرىكمىمۇ ياللۇغنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ياڭاق تەركىبىدىكى ئومېگا-3 ياغ كىسلاتاسى ۋە ماگنىي قاتارلىقلارمۇ ياللۇغنى ئازايتىدۇ.

**ئۇنداقتا، ياڭاقنى ھەرقانداق ئادەم يېسە بولامدۇ؟**

برازىلىيە كاشتانىغا (tree nut) قارىتا سېزىمچانلىقى يۇقىرى كىشىلەر ياڭاقتىنمۇ ساقلىنىشى كېرەك. سېزىمچانلىق ئالامەتلىرى ئادەتتە بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا كۆرۈلىدۇ، ئەگەر سىزدە ياڭاق يېگەندىن

**كېيىن بىنورماللىق كۆرۈنسە، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. ئەمما، ئەگەر بۇ جىددىي خاراكتېرلىك سېزىمچانلىقتا ئايلىنىپ كەتسە، دوختۇرغا بېرىشتىن ئىلگىرىلا، دەرھال جىددىي ياردەم تەلەپ قىلىڭ.**

**كىچىك بالىلار، ياشانغانلار ۋە يېمەكلىكلەرنى يۇتۇش جەھەتتە مەسىلىسى بارلار ياڭاقنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ياڭاقنى پۈتۈن ھالەتتە يېمەي، ئۇششاقلاپ يېيىشى كېرەك.**

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

**مەنبە:**


https://www.bbcgoodfood.com/howto/guide/health-benefits-walnuts

https://www.healthline.com/nutrition/benefits-of-walnuts#TOC_TITLE_HDR_4



# خوتەن يېڭىچە مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

ئاينۇر ئوسمان

# خوتەن يېڭىچە مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى[1]

ئاينۇر ئوسمان

**بىلىنگىلاركى، بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقىنىڭ زامانىسى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر. جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ـ ئىجتىھات ۋاقتىدۇر ـــ ئابدۇقادىر داموللام**

**خوتەن يېڭى مائارىپى**

**خوتەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ جەنۇبىغا، يەنى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ھاۋاسى نىسبەتەن قۇرغاق، تەكلىماكان چۆلىدىكى گۈزەل بوستانلىق ماكاندۇر.**

**خوتەن تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق جەھەتتە تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، مىللىي مەدەنىيەت، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتلەردىمۇ تەڭ تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق ختاي ۋە چەتئەللەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، سودا يوللىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا، ھەر جەھەتتىن گۈللەنگەن.**

**گۈزەل ماكان خوتەن تىبابەت يۇرتى، قاشتېشى ماكانى، گىلەم، يىپەك ـ ئەتلەس شاھى دېگەن ناملارغا ساھىب بولۇپلا قالماستىن، قەدىمىي يادىكارلىقلىرى ۋە نامى ئۆچمەس شېھىتلىرى بىلەن تىللاردا داستاندۇر.**

**خوتەن خەلقى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللەر داۋامىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەتكە ھېرىسمەنلىكى ۋە ئىنتىلىشچانلىقى بىلەن، يېزا ـ قىشلاقلاردا نۇرغۇنلىغان مەدرىسە**

[1] خانىم ـ قىزلار ئىلىم چېيىغا ئاتاپ يېزىلغان

خاراكتېرىدىكى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ زېمىن هازىرلىدى .مەدرىسىلەردە ئەرەب ـ پارىس تىللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن دىنىي دەرسلەر ئاساس قىلىندى. 1678 ـ يىلى هىدايىتۇللاھ ئىشان (ئاپپاق خوجا) جۇڭغار خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەرنى خاتا هالدا خۇراپاتلىققا، تەركى دۇنيالىققا، جاهالەت نادانلىققا باشلايدىغان سوپىزم ـ تەرىقەت ئېقىمى يامرىدى. مەدەنىيەت ـ سەنئەت، تېبابەت، مەتبەئە قاتارلىق ساهەلەردە زور چېكىنىش كۆرۈلدى. شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن سىياسىي كۈرەشلەر، هوقۇق تالىشىش، سوپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ (ئاق تاغلىق ـ قارا تاغلىق) نىزالىرى، بىهۇدە قان تۆكۈشلەر، خەلقنى نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرگە دۇچار قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ، هەر قايسى ئىستىبدات هاكىمىيەتلەر ۋە يەرلىك مۇتەئەسسىپلەرنىڭ هەر خىل ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى دەهشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ قالاق هالەتتە قالدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا باش كۆتۈرگەن يېڭىچە مائارىپ دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا يېڭى زامانىۋى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلەن خەلقنى ئويغىتىش، جاهالەت ۋە خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇش، پەن ـ مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش، جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش توغرىسىدا دولقۇن كۆتۈرۈلگەن.

تۈركىيە ۋە قازان تەرەپلەردىن مۇئەللىم تەكلىپ قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇغراپىيە، دۇنيا تارىخى، ماتېماتىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، رۇس تىلى، خىتاي تىلى، گىمناستىكا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە شارائىتىدا نۇرغۇن ئىسلاهاتلار ئېلىپ بېرىلغان.

### 1. تۇنجى يېڭى مەكتەپ

1913 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە تۈركىيەلىك ئىسمائىل هەققى دېگەن كىشى خوتەن ئالتۇن مازاردىكى مەدرىسىدە قۇربان هاجىم قايماق دېگەن سودىگەرنىڭ ياردىمىدە ئىككى سىنىپلىق بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىپ شەهەر ئىچىدىكى يېڭىلىقپەرۋەر ياشلاردىن 66 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان.

يېڭى سىنىپ شارائىتلىرى، يېڭى دەرس تۈزۈلمىلىرى ۋە ئوقۇتۇش شەكلى بىلەن بىرلەشكەن تۇنجى يېڭى مەكتەپ بولۇپ قالغان.

خوتەننىڭ ئەينى زاماندىكى دىنىي مەهكىمە باشلىقى سۇلايمان ئەلەم دېگەن كىشى «بۇ مەكتەپ دىنغا قارشى پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىدىغان جەدىتچىلەر مەكتىپىدۇر، بۇ مەكتەپ كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ،

ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى» دەپ، مەزكۇر مەكتەپنى خوتەن ھاكىمغا چېقىشتۇرۇپ تاقتىۋەتكەن، ئوقۇتقۇچى ئىسمائىل ھەققىنى قوغلىۋەتكەن.

چۈنكى ئۇلار خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش ئارقىلىق جان بېقىشنى مەقسەت قىلاتتى.

## 2. ئەمەت ھاجى ۋە غوجام كۆلبېشى مەكتىپى

ئەمەت ھاجى (1894 ـ 1967) خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسى ئاقتاش كەنتىدە ئۈچ ئەۋلاد مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، خوتەن يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسىنى سالغان مۇنەۋۋەر مائارىپچىدۇر.

1920 ـ يىلى مەرىپەتپەرۋەر ئەمەت ھاجىم قۇربان ھاجىم قايماقنىڭ ياردىمىدە غوجام كۆلبېشىدا بىر دىنىي مەكتەپ ئاچقان بولۇپ، چوڭ بىر ھويلىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، قىز ـ ئوغۇللارنى ئايرىپ ئوقۇتقان. بۇ مەكتەپ دىنىي دەرس بېرىش بىلەن ئۇيغۇرچە ساۋات چىقىرىش، ماتېماتىكا، تىل ـ ئەدەبىيات، تەنتەربىيە، گۈزەل ـ سەنئەت دەرسلىرىنى تەسىس قىلغان. باللارنى قىزىقتۇرۇپ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلغان ۋە شۇ ۋاقىتتىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن تىركىشىپ يۈرۈپ، ئوقۇتۇشنى داۋام قىلغان.

1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئەمەت ھاجى ئۆزى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان غوجام كۆلبېشى مەكتىپىنى ۋە مەكتەپتىكى 200 ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خوتەندە پەننىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىششى ئۈچۈن يول ئاچقان.

1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمەت ھاجى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى 1941 ـ يىلى خوتەن مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇيۇشمىنى كېڭەيتىشتە، دارىلمۇئەللىمىن ۋە چايخانا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەننىڭ مائارىپ، مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، 1967 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 3. ئابدۇللاھ داموللام ۋە شاخلىق مەكتەپ

1936 ـ يىلى قاراقاشنىڭ شاخلىق يېزىسىدىكى «ئېگىز ئېرىق خوجىلار» نەسلىدىن بولمىش ئىشان خوجا ئوغلى خوجا ئەبەيدۇللاھ خان ئىلىم ـ مەرىپەتنى ياقلاپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن تۈنجى پەننىي مەكتەپ سېلىپ، شۇ دەۋردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان نادانلىققا خاتىمە بېرىشكە تىرىشقان. يېڭىلىقپەرۋەر، تالانتلىق شائىر ئابدۇللاھ داموللامنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، بەش سىنىپلىق، ياغاچ قۇرۇلمىلىق

تەنتەربىيە ۋە گىمناستىكا مەيدانى بولغان، يېڭى پارتا ـ ئورۇندۇقلۇق ئازادە سىنىپلاردا، ئوقۇغۇچىلار خۇشاللىق ئىچىدە دىنىي دەرسلەر بىلەن بىرلىكتە ئانا تىل، ھېساب، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇغان.

1938 ـ يىلى شاخلىق مەكتەپنى قاراقاش ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈۋالغان بولۇپ، ئەينى يىللاردا داغدۇغا قوزغىغان بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى بىر قانچە قېتىم يۆتكەلگەن بولسىمۇ، "شاخلىق مەكتەپ" دېگەن نامى يىللاردىن بۇيان ئۆچمىدى .

4. خوتەن يېڭى مائارىپىدىكى تۇنجى ئايال مەكتەپ مۇدىرى ـ ھاجى خانىم

ھاجى خانىم (ئەسلى ئىسمى پاتىمە)، 1907 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە شەھرىدە تۇغۇلغان. دادىسى قاسىم ھاجى (خوتەنلىك) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئانىسى ئايشىخان ھاجى بىلەن 1914 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىگە، 1918 ـ يىلى تۈركمەنىستاننىڭ ئاشخاباد شەھرىگە كۆچۈپ بارغان. بۇخارادىكى تاجىك مەكتىپىدە، ئەنجاندىكى قىزلار گىمنازىيەسىدە، ساگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ھەر خىل تىل ـ مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، دىنىي، پەننىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەربىيە ئالغان ھاجى خانىم 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئائىلىسى بىلەن خوتەنگە كۆچۈپ كېلىپ، غوجام كۆل بېشى مەكتەپتە مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ياسىن روزى، مۇسا تۇردى، ئانار خانىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە، ئانا تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، سىياسەت، تەبىئەت، شېئىر، تەنتەربىيە، رەسىم دەرسلىرىنى تەسىس قىلىپ، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، يېرىم يىلدا 60 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەر قايسى يەرلەردە قۇرۇلماقچى بولغان پەننىي مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە تەربىيەلەپ، «1 ـ دارىلمۇئەللىمىن»نىڭ ئاساسىنى ياراتقان.

1942 ـ يىلى غوجام كۆلبېشى مەكتىپى ئىككىگە ئايرىلىپ، ھاجى خانىم ـ قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئوسمان نىيە ھاجى چايخانا مەكتەپ مۇدىرى بولغان. ئەمما، ئۇ شۇ يىللاردىكى سىياسىي داۋالغۇشلاردا ئۈچ يىل تۈرمىدە يېتىپ، 1945 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەن. 1950 ـ يىلى لوپ ناھىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى، 1960 ـ يىلى يۇرۇڭقاش مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، نۇرغۇن ياش نوتىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. 1964 ـ يىلى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كۆپ رىيازەت چېكىپ، 1987 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ياشلىق باھارىنى، ھاياتىنى خوتەننىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ھاجى خانىمدەك مەرىپەتپەرۋەر ئۇستازلار ئۆزىنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىلىرى بىلەن خەلق قەلبىدە ياشنايدۇ.

5. چايخانا مەكتەپ ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بەزى سىياسەتلەرنى قوللانغان بولۇپ، شۇلاردىن بىرى پەننىي مەكتەپ (شۆتاڭ) تەسىس قىلىش ئىدى. 1938 ـ يىلى ساۋۇر ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ساقچى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى، دوختۇرخانا، يەرلىك ماللار شىركىتى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ھاۋارايى ئىستانسىسى، خوتەن گېزىتى، سەنئەت ئۆمەك تەسىس قىلىنغان. ئەمما، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، جاللات شىڭ شىسەي كېيىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئىككى قولىنى بىگۇناھ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويىغان.

خوتەن مائارىپىنىڭ بۆشۈكى بولغان چايخانا مەكتەپ مەرىپەتپەرۋەر ئەمەت ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا روزى بەگ ھاجىنىڭ سارىيىدا (ھازىرقى ئىلچى يېزىلىق دوختۇرخانا ئورنىدا) قۇرۇلغان. ئوسمان نىياز ھاجى مەكتەپ مۇدىرى، چۈسىين قاتارلىق بەش ئوقۇتقۇچى، 200 ئوقۇغۇچى ۋە بەش سىنىپ بار ئىدى. 1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يېڭى بىنا (خوتەن تۆمۈر يول) ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن.

ئوغۇللار مەكتىپى ئۈچۈن ئوسمان نىياز ھاجى، قىزلار مەكتىپى ئۈچۈن ھاجى خېنىم مەكتەپ مۇدىرى بولغان. ھۈسەيىن ئەپەندى، ئابدۇرېھىم لېتىپ، ئابدۇقادىر ئەپەندى، ئابابەكرى تۇرسۇن، مەمتىمىن توختى، ئابدۇۋەلى قۇربان، ئوسمان توختى، زەيتۇنە خانىم قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئۇستازلار بۇ مەكتەپكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئورنى باشتا غوجام كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى مىلىك ھەزرەتنىڭ مەدرىسى كېيىن چايخانا مەكتىپى بولغان. قىزلار مەكتەپىنىڭ ئورنىغا ئابلاجان ھاجىمنىڭ مەدرىسىسى بېكىتىلگەن.

شۇنىڭ بىلەن خوتەندە تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياج كۈچەيگەن. مەكتەپ شارائىتلىرى ھەر جەھەتتىن ياخشىلىنىپ، تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

1938 ـ يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خىتاي ئۇيۇشمىسى، تۇڭگان ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇنجى رەئىسى ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، مۇئاۋىن رەئىس ياقۇپجان بولغان. ئەمەت ھاجىم، ئابدۇراھمان قادىر، تۇرسۇننىياز ھاجى قاتارلىقلار ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، يېتىملەر خىزمىتى، خەيرى ـ ساخاۋەت، دەرسلىك، نەشرىيات ئىشلىرىدا جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلغان. بارلىق چىقىملارنى ئۆشرە ـ زاكات، ۋەخپە ـ دۇكانلار ئارقىلىق ھەل قىلىپ، ھەرقايسى يەرلەردە تارماق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇپ سىستېمىلاشقان.

1938 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن ۋىلايىتىدە پەننىي، مىللىي مائارىپ خېلىلا گۈللەنگەن مەزگىل ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى ئىدى. ھەر قايسى مەكتەپلەردە پەننىي ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتىن باشقا تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىدى.

**6. دارىلمۇئەللىمىن**

ھەر قايسى رايونلاردا پەننى مەكتەپلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشى بىلەن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا 1937 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلۇپ، بىرىنچى تۈركۈمدە ئالتە ئايلىق مۇددەت بىلەن 80 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ھەر قايسى يەرلەردە ئوغۇللار مەكتىپى ۋە دارىلئېتاملار تولۇقلاپ قۇرۇلغان. خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1939 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتە ئايلىق ۋە بىر يىللىق مۇددەت بىلەن بەش قارار ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى تەربىيەلىگەن. مۇشۇ ئاساستا پەننىي مائارىپ شەھەردىن يېزىغا قەدەر پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ، كۆلىمى چوڭراق بولغان يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان.

1939 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەن دارىلمۇئەللىمىن، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنلەرنى پۈتتۈرۈپ خوتەنگە تەقسىم قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە خوتەندە يېتىشتۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، مائارىپ سېپى زور بىر تۈركۈم تالانتلىق يېڭى ئىلغار كۈچلەر بىلەن تولۇقلانغان.

1948 ـ يىلى خوتەندە بار بولغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىچىدە چايخانا مەكتەپ، قىزلار مەكتىپى، ختاي مەكتەپ، 4 ـ مەكتەپ، خانئېرىق مەكتەپ، سەيشەنبە بازار قاتارلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئالتە مەكتەپتە 40 تىن ئارتۇق سىنىپتا 1500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار بولغان. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا يېزا ـ قىشلاقلاردا 60 تىن ئارتۇق مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە 200 دىن كۆپرەك سىنىپ ۋە 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇغان.

1939 ـ يىلى 1 ـ قارار دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىققانغا قەدەر، ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە (بىرى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ)19 سىنىپ 33 ئوقۇتقۇچى730 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

1943 ـ يىلغا كەلگەندە 1 ـ قارادىن 6 ـ قارارغىچە ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە 16 سىنىپتا 640 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىپ چىقىپ، مائارىپ تايانچ كۈچىنى بەرپا قىلغان(بۇنىڭ ئىچىدە 2سىنىپ قىزلار بولۇپ90 ئايال ئوقۇتقۇچى يېتىشىپ چىققان). ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندىن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار خوتەنگە تەقسىم قىلىنىپ، 1943 ـ يىلغا كەلگەندە مەكتەپ 60 كە يەتكەن . بۇنىڭ ئىچىدە (سەككىزى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ)، سىنىپ 150 كە، ئوقۇغۇچى4955 كە يەتكەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۈكسىلىپ، خەلق مائارىپنى قوللايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

ئالته قارار دارىلمۇئەللىمىندە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلاردىن ئابدۇراخمان ھىدايوف، مۇسا تۇردى، ئابدۇغوپۇر، ياسىن روزى ھاجى، ھەسەن تۇردى، سەدىردىن، ئابلا باقى، ئىبراھىم ئىلى، نۇرى روزى، ياقۇپ بەگ، ئابابەكرى تۇرسۇن، ئابدۇراخمان ئانار يۈز، گۈلسۇم خانىم، مۇنەۋۋەرخان، يۇلتۇز خانىم، ھەببە ئىمىن قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئۇستازلار جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلغان. ئالدىنقى 3 قاراردا سىياسىي پەلسەپە، دۇنيا تارىخى، سىياسەت، بوتانىكا، زوئولوگىيە، دۇنيا جۇغراپىيەسى، ماتېماتىكا، گرامماتىكا قاتارلىق دەرسلەر، كېيىنكى قارارلاردا خىتاي تارىخى، خىتاي جۇغراپىيەسى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن.

### 7. دارىلئېتام ۋە كەسپىي مەكتەپلەر

1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەن دارىلئېتامى قۇرۇلۇپ تېزلا ھەر قايسى رايونلارغا كېڭەيگەن. ئەينى چاغدا ئالتە دارىلئېتام بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، ياتاق ۋە باشقا خىراجەتلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغانىدى.

يېڭىئېرىقتا ئوتتۇرا تېخنىكومغا تەڭ سانائەت مەكتىپى قۇرۇلغانىدى. بۇ ئىككى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 300 دىن ئاشاتتى. 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىن دارىلئېتاملار كەسپىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇش، ئۆز كىرىمى ئارقىلىق ئۆزىنى بېقىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. شۇ مەزگىللەردە ئالتە ئورۇندا كەسپىي مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 120 ئەتراپىدا ئىدى. ياغاچچىلىق، ئاشپەزلىك، ناۋايلىق، تىككۈچىلىك، گىلەمچىلىك، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، موزدۇزلۇق قاتارلىق قول سانائەت، يېمەك ـ ئىچمەك كەسىپلىرى يولغا قويۇلغان ۋە خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. مەكتەپ 1948 ـ يىلى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تاقالغان .

### 8. كەچلىك كۇرس ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

خوتەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىجتىمائىي مائارىپنى مەجبۇرىي ئومۇملاشتۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كەچلىك كۇرسى ئېچىپ، مەھەللىلەر بويىچە يىل بويى دەرس ئۆتۈپ، خەلقنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1940 ـ يىلى قىش پەسلىدىن 1941 ـ يىلى ئەتىيازغىچە خوتەندە 518 ئورۇندا كەچلىك كۇرس ئېچىلىپ، 980 سىنىپتا 76946 نەپەر كىشى ساۋات چىقىرىشقا قاتناشقان. 1943 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 38 مەكتەپتە كەچلىك كۇرس ئېچىلىپ، 150 سىنىپتا 9635 كىشى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە قاتناشقان. سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، بۇ سان 1945 ـ يىللىرى 4149 غا چۈشۈپ قالغان.

### 1943 ـ يىللاردىن كېيىنكى مائارىپ

1943 ـ يىلى سىياسىي داۋالغۇشلاردىن كېيىن مەكتەپلەر تاقىلىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ هال ـ كۈنى ناچارلاشقان. ئوقۇشتىن ۋاز كېچىدىغانلار كۆپەيگەن.

1945 ـ يىلى مائارىپ ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەن.

ئەينى يىللىرى، يېڭىچە مائارىپ هاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمى، ئالۋان ـ ياساق، بۇلاڭ ـ تالاڭنىڭ دەستىدىن نەپەس ئالغۇدەك هالى قالمىغان مېهنەتكەش خوتەن خەلقىگە ئۈمىد بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇلار زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىنىڭ زامانىۋى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللىنىش ئىكەنلىكىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇپ يەتكەندى. خەلق مۇهەممەد ئەمىن بۇغرادەك ئەلەمدە ۋە قەلەمدە يېتىشكەن ئۇستازلارغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن سىياسىي ئۇرۇش ۋە ئەمەلىي جىهادلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر مەزگىل جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. نۇرغۇن ئىختىساسلىقلار يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، ئاخىرىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سىياسىي نەيرەڭلىرى ۋە مۇستەبىت سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بالايىئاپەتلىك يىللىرىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى. نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى يوق قىلىندى. خەلق سەرخىللىرىدىن ئايرىلىپ قالدى . خەلقىمىز نوقۇل مائارىپ بىلەنلا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، تېخىمۇ توغرىسى مۇستەقىل سىياسىي هاكىمىيەتسىز ساغلام مىللىي مائارىپنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى.

خىتاي هۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنى تۆپ يىلتىزىدىن يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، مائارىپنىڭ مۇهىملىقىنى بىلگەچكە، شۇتاڭلارنى ئېچىشتىن باشلاپ، قەدەممۇقەدەم مەكتەپلەرنى خىتايلاشتۇرۇش، قوش تىل مائارىپى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ ئوقۇتۇش قاتارلىق تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، ئاخىرىدا ئىككى ياشلىق گۆدەكلەرنىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ خورلىماقتا. سەرخىل ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى، زىيالىيلىرىمىزنى، خەلقنى يېتەكلىيەلەيدىغان ئۇستازلىرىمىزنى لاگېر ۋە تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈرمەكتە.

تارىخ تەكرارلانماقتا!

يوقاتقانلىرىمىز هەقىقەتەن كۆپ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىققا، قەتلىئامغا قارشى تېپىرلاشلىرىمىز هېچ ئىشقا يارىمايۋاتىدۇ. مەدەنىيىتىمىز، ۋەتىنىنىڭ ئۈمىدى بولغان باللىرىمىزنىڭ ئاسسىملياتسىيە بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىسىنى تونۇماي دۈشمەنىنىڭ تەربىيەسىدە، ئۇيغۇرغا قارشى يېتىشتۈرۈلۈشىگە شاهىت بولۇپ، ئاچچىق تولغانماقتىمىز.

شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا، يېڭىچە مائارىپ دولقۇنى قوزغالغاندىن كېيىنكى بىر ئەسىر مابەينىدە ئومۇمىي هالىتىمىزدە، جۈملىدىن ئاڭ سەۋىيەمىزدە قانچىلىك ئۆزگىرىش بولدى؟ قانچىلىك كىشىلىرىمىز قورساق تويغۇزۇشتىن هالقىپ، سىياسىي ئاڭغا، دۆلەتچىلىككە تەرەققىي قىلالىدى؟ دىنىمىزنى هەقىقىي

**ئۆگىنىپ، خەلقىمىزنى ھاكىمىيەت قۇرۇش يولىدا بىرلىككە كەلتۈرەلىدى؟ دۈشمىنىمىزنى قانچىلىك چۈشەندۇق؟**

**ھازىرغا قەدەر چېچىلىپ، ئىتتىپاقلىشالماي، دۈشمەننىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ يۈرۈۋاتىمىز. تىرىشىپ خىزمەت قىلغانلار بار-يۇ، يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس.**

**«جاسارەتتىن بولمىغاننىڭ ھەققىمۇ بولماس» دەيدۇ تۈركلەر. شۇڭا ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان ئاشۇ گۈزەل ۋەتىنىمىز ئۈچۈن، ئېزىلىۋاتقان خەلقىمىز، دەپسەندە بولۇۋاتقان ئىززەت-غۇرۇرىمىز ئۈچۈن، ۋەتەن دەۋاسىدا توغرا مەۋقەدە تۇرۇپ، زالىمدىن ھېساب سوراشقا جاسارەتىمىز، ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە ئىمانىمىز، ۋەتىنىمىزنى قۇرۇپ چىقىشقا ئىشەنچىمىز بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا، ۋەتەن سىرتىدا پەرزەنتلىرىمىزنى ۋەتىنىگە ئىگە بولالايدىغان، مائارىپتا كۈچلۈك، ئىدىيەدە ئىلغار، غۇرۇرلۇق قىلىپ تەربىيەلەش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتىدۇر.**

**بۇ ماقالىنى ئۆتكۈر ئالماس تەھرىرلىدى**

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

خوتەن تارىخ ماتېرىياللىرى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار (مەدەنىيەت-مائارىپ-تىبابەت)

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەسەرلىرى (ئابدۇجېلىل تۇران)



# ئاياللارغا شەپقەت كۆرسىتىش

مۇھەممەد ئارىفى

# ئاياللارغا شەپقەت كۆرستىش

پروفىسور دوكتور مۇھەممەد ئارىفى

ئاللاھ ئەرلەرگە كۈچلۈك بەدەن، ئاياللارغا بولسا كۈچلۈك ھېس ـ تۇيغۇ ئاتا قىلغان. نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمدار ۋە پالۋانلارنىڭ كۈچىنىڭ بىر ئايالنىڭ ھېسسي كۈچى ئالدىدا ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا تارىخ شاھىدتۇر.

كىشىنىڭ ئۆز ئايالى بىلەن توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ماھارەتلىرىدىن بىرى ئايال كىشىگە تەسىر كۆرستىدىغان ئاچقۇچنى بىلىشتۇركى، بۇ ئاچقۇچ ھېس ـ تۇيغۇدۇر. ئايال كىشىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق ئايال كىشى بىلەن توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتالايسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىڭىز بىلەن بەختلىك ھايات كەچۈرۈشىڭىز ئۈچۈن ئاياللىڭىزغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشىڭىزنى تەۋسىيە قىلغان؛ دادا بولغۇچىغا قىزلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مۇسۇلمانلاردىن كىمكى ئىككى قىز پەرزەنتىنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر چوڭ قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى مەن بىلەن مانا مۇشۇنداق يېقىن بولىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق دەپ ئىككى بارمىقىنى بىر بىرىگە تەككۈزدى. (بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان)

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلەرگىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك بولغان كىشى كىم؟» دەپ سورىلىۋىدى «ئاناڭ» دېدى، بۇ سوئال ئۈچ قېتىم سورالغاندا ئوخشاشلا «ئاناڭ» دېدى، ئاندىن «داداڭ» دەپ جاۋاب بەردى. (بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر كىشىنى ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇغان، ئايالىغا ياكى قىزىغا يامان مۇئامىلە قىلغۇچىنى ئەيىپلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سېلىڭ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە ئورنىدىن تۇردى؛ قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك، چوڭ ـ كىچىك، باي ـ نامرات يۈز مىڭ ساھابىسى ھازىر بولغان ھەج پائالىيىتىدە مۇنداق دېدى:«ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار.» (بۇ ھەدىسنى مۇسلىم ۋە تىرمىزى توپلىغان)

بىر كۈنى بىر توپ ئايال ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئۆز ئەرلىرىدىن شىكايەت قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقىنىدىن كېيىن مۇنداق دېدى: «بىر تۈركۈم ئاياللار مېنىڭ ئاياللىرىمغا ئەرلىرىدىن شىكايەت قىلىشتى. بۇ ئەرلەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ياخشى ئەرلەر ئەمەستۇر.» (بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئاراڭلاردا ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغۇچىمەن.» (بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ ھەدىس)

ئىسلام دىنى ھەتتا ئاياللارنىڭ قىممىتىنى شۇ دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەنكى، يالغۇز بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېچىلىپ، مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا قول سۇنغۇچىلارنىڭ باشلىرى يەر چىشلىگەن.

يەھۇدىيلار مەدىنىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ياشايتتى. ھىجاب بۇيرۇقىنىڭ نازىل بولۇشى ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تولۇق ھىجاپلىنىشى يەھۇدىيلارنى بىئارام قىلاتتى. يەھۇدىيلار پىتنە ئۇرۇقىنى تېرىش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يالىڭاچلىنىشىغا غەيرەت قىلىشاتتى. بىراق، بۇ غەيرەتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئالالماي يۈرۈشەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسۇلمان ئاياللاردىن بىرى بەنۇ قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ بازىرىغا باردى. بۇ ھىجاپلانغان ئىپپەتلىك بىر ئايال ئىدى. بۇ مۇسۇلمان ئايال يەھۇدىي زەرگەرنىڭ دۇككىنى ئالدىدا بىر ئاز ئولتۇردى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ھىجاپلىق ۋە ئىپپەتلىك بولۇشىدىن بىئارام بولدى. ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشنى، ئۇنى تونۇپ سىلاشنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ئارزۇلاشتى.

يەھۇدىيلار بۇ ئايالدىن يۈزىنى ئېچىشنى ۋە ھىجابىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىشتى. مۇسۇلمان ئايال يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئىستىكىنى كەسكىن شەكىلدە رەت قىلدى ۋە دەرھال كەتمەكچى بولدى. يەھۇدىي زەگەر ئولتۇرغان ئايالنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئايالغا چاندۇرماستىن ئۇنىڭ پۈركەنجىسىنىڭ ئۇچىنى لېچەكنىڭ ئۇچىغا باغلاپ قويدى. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئايال ئورنىدىن تۇرۇۋىدى پۈركەنجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئەۋرەتلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار بۇ ئايالنى مازاق قىلىپ كۈلكە ـ تاماشا قىلىشتى. ئىپپەتلىك مۇسۇلمان ئايال ئاھ ـ پەرياد ئۇردى. ئۇ بېشىغا ئۆلۈم تەھدىتى كەلگەن تەقدىردىمۇ ئەۋرىتىنىڭ ئېچىلىشىنى خالىمايتتى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن مۇسۇلمان ئەرلەردىن بىرى قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، يەھۇدىي زەگەرگە ئېتىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. نەق مەيداندىكى يەھۇدىيلار بولسا بۇ مۇسۇلمان ئەرگە توپلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرماي، مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىپپىتىگە كۆز قىزارتقانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى. ئاقىۋەتتە يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان ھۆكۈمگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئاقىۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ چىقاردى.

شۇنداق، ئىپپەتلىك ـ نومۇسلۇق ئايال بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىلتىپات ۋە ھۆرمەتكە لايىقتۇر.

ھەۋلە بىنتى سەئلەبە ئېسىل ئايال ساھابىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ئەۋس ئىبنى سامىت زەردىسى يامان، شۇنداقلا بەك قېرىپ كەتكەن كىشى ئىدى. كۈنلەردىن بىرىدە ئەۋس ئىبنى سامىت مەھەللىدىكىلەر بىلەن پاراڭ ـ سۆھبەت قىلىشقان سورۇندىن قايتىپ ئۆيىگە كىردى. ئايالى ھەۋلە بىلەن بىر ئىش ھەققىدە سۆزلەشتى، ھەۋلە باشقىچە پىكىردە بولۇپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭدىن غەزىپى تولۇپ تاشقان ئەۋس ئايالى ھەۋلەگە «سەن مەن ئۈچۈن ئانامغا ئوخشاش بولدۇڭ» دەپ (ئايالنى زىھار قىلدى)، ئاندىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەر كىشى ئايالىغا بۇنداق دېسە ئايالنى تالاق قىلغان ھېسابلىناتتى. ھەۋلە بۇنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمىنى بىلمەيتتى. ئەۋس سىرتتىن قايتىپ كەلگىنىدە ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئۇزاق تۇرغىنىنى كۆردى. ھەۋلە ئېرىگە «ھەۋلەنىڭ جېنى قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەمدى سەن ماڭا يېقىنلىشالمايسەن. ئارىمىزدا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھۆكۈم بەرگەنگە قەدەر ئىش مۇشۇنداق بولىدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەللەمنىڭ يېنىغا باردى. يولدىشى بىلەن بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. يولدىشىدىن تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە قىلغان يامانلىقلىرىدىن شىكايەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سەبرىنى تەۋسىيە قىلىپ:«ھەۋلە، يولدىشىڭىز بەك قېرىپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭ» دېدى.

ھەۋلە يىغلىغىنىچە شۇنداق دېدى «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ مېنىڭ ياشلىقىمنى تۈگەتتى. مەن ئۇنىڭغا پەرزەنت تۇغۇپ بەردىم. ئاقىۋەتتە، مەن قېرىپ بالا تۇغالماس ھالغا كەلگەندە ئۇ مېنى زىھار قىلدى. ئاللاھىم، ئەۋسنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەر ـ ئايال ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈم نازىل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى، پەرىشتە جىبرىل بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمنى ئېلىپ چۈشتى، ھەۋلەمۇ نەق مەيداندا ئىدى. پەرىشتە جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ ھەۋلە ۋە يولدىشى ھەققىدىكى قۇرئان ئايىتىنى ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەۋلەگە بۇرۇلۇپ «ئى ھەۋلە! ئاللاھ سىز ۋە ئېرىڭىز ھەققىدە ئايەت نازىل قىلدى» دېدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:«ئېرى ھەققىدە سەن بىلەن تارتىشقان ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ

سۆزىنى ئاللاھ ئاڭلىدى. ئاللاھ ئەسلىدىنلا سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىدى. شۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوقكى، ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھال ـ ئەھۋاللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازاد قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)، بۇ (ئەھكام) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇ ئاللاھ نىڭ قانۇنىدۇر، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» (سۈرە مۇجادەلە، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىدىن نازىل بولغان بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھەۋلەگە «ئېرىڭىزگە ئېيتىڭ، بىر قۇل ئازاد قىلسۇن» دېدى. ھەۋلە «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ ئازاد قىلىدىغان قۇلى يوق» دېدى. «ئۇنداقتا ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتسۇن» دېۋىدى، ھەۋلە «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ بەك قېرىپ كەتتى، بۇنداق قىلىشقا ماجالى يەتمەيدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللام «ئەمىسە ئاتمىش مىسكىنگە بىر ۋەسقتىن خورما سەدىقە قىلسۇن» دېۋىدى، ھەۋلە «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭدا بۇنچىلىك مال يوق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىز ئۇنىڭغا ئاتمىش چاڭگال خورما بىلەن ياردەمچى بولىمىز» دېدى. ھەۋلە «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئاتمىش چاڭگال خورما بىلەن ياردەمچى بولىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياخشى قىلدىڭىز، بېرىڭ، ئېيتقىنىڭىزنى ئۇنىڭغا بېرىڭ، ئېرىڭىزنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن كۆچ چىقىرىڭ» دېدى. (بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇمشاقلىقنى، ھەر كىشىگە ۋە ھەر ئىشقا نىسبەتەن سەبىر قىلىشنى لۇتۇف قىلىپ بەرگەن ئاللاھ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق زات ئىدىكى، كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەسىلىلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى.

مەن ئۆزۈم ئۈچۈن سىناق قىلىپ باقتىم. قىزىغا، ئايالىغا ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىن يۇمشاق ۋە شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشنىڭ، بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئانىغا ۋە ئاچا ـ سىڭىلغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشنىڭ

**كىشى ئۆچۈن ناھايىتى چوڭ تەسىرى بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئائىلىڭىزدىكى ئاياللارغا يۇمشاق، شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىش پەقەتلا مۇشۇنداق قىلغۇچى پايدىسىنى كۆرەلەيدىغان ئىشتۇر.**

**خوتۇن ـ قىزلىرىنى پەقەت ئېسىل كىشىلا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەسەندى كىشىلەرلا خارلايدۇ.**

**خۇلاسە**

ئايال كىشى ئېرىنىڭ يوقسۇللۇقىغا، سەتلىكىگە ۋە خاتالىقلىرىغا سەبىر قىلالايدۇ. بىراق، ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ يامان خۇيىغا سەبىر قىلىشى بەك ئاز كۆرۈلىدۇ.

«ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# قەشقەرنىڭ 16-ئەسىردىن 18-ئەسىرگىچە بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى

كونۇرئالپ ئەرجىلاسۇن

# قەشقەرنىڭ 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان
# سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى

كونۇرئالىپ ئەرجىلاسۇن

**تۆمۈرىيلەر ئاجىزلاشقان ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالدىن كەلگەن شەيبانىيلار تەرىپىدىن غۇلىتىلغاندىن كېيىن، تۈركىستان بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى رايونلاردا تۈرلۈك خانلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى نەتىجىسىدە، مەزكۇر رايوندا بۆلۈنمە ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇ تەرىقىدە، 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن ئېتىبارەن، شەيبانىيلار ماۋارائۇننەھىر رايونىغا، قازاقلار (82) قازاق بوزقىرلىرىغا، قالماقلار (83) شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىشقا باشلىغان بولسا، تۆمۈرىيلەردىن بولغان بابۇر شىمالىي ھىندىستاندا، بابۇرنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى (نەۋرە ئىنىسى) بولغان سۇلتان سەئىدخان قەشقەردە ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. سۇلتان سەئىدخان قۇرغان ياركەنت خانلىقى 1678 ـ يىلى قالماقلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى ۋە قەشقەر رايونى قالماقلار تەيىنلىگەن خوجىلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشقا باشلىدى.**

## 1. ياركەنت خانلىقى دەۋرى

**قەشقەر رايونىنىڭ سۇلتان سەئىدخان بۇ يەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشتىن ئىلگىرىكى ۋەزىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەش مۇمكىن. مەلۇم بولغىنىدەك، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، خانلىقنى تەشكىل قىلغان بىر قاتار قەبىلىلەر چاغاتاي زېمىنلىرىدا خانلىققا قارشى تەرزدە كۆچىيىپ كەتكەندى. شۇلاردىن بىرى بولمىش بارلاس قەبىلىسىدىن بولغان (ئەمىر) تۆمۈر ماۋارائۇننەھىر ۋادىسىدا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي زېمىنلىرىنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇردى. لېكىن، قەشقەر رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقتىكى بۇ زېمىنلاردا چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى**

مەزگىللىرىدىن باشلاپ دوغلات قەبىلىسى كۆچىيىشكە باشلىغانىدى. تۆمۈر ۋە تۆمۈرىيلەرنىڭ بۇ رايوندىكى ھاكىمىيىتى مەزكۇر قەبىلىنىڭ كۆچىنى ئاجىزلاتقان بولسىمۇ، تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتەلمىدى. شۇ ۋەجىدىن، تۆمۈرىيلەر ئاجىزلاشقاندا، بۇ رايوندا دوغلاتلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. دوغلاتلار دەسلەپتە چاغاتاي نەسلىدىن بولغانلارنى تەختكە چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ھاكىمىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. لېكىن، دوغلات بەگلىرىدىن ئەبۇبەكىر مىرزا 1478 ـ يىلى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان يۇنۇسخاننى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، قەشقەرنى قولغا كىرگۈزدى ۋە بۇ يەردە چاغاتاي نەسلىدىن بولغانلارغا تايانماستىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى (84). ئەنە شۇ خىل ۋەزىيەتتە، سۇلتان سەئىدخان 1514 ـ يىلى قەشقەر، ياركەنت ۋە خوتەن شەھەرلىرىنى ئەبۇبەكىر مىرزىدىن تارتىۋېلىپ، ئۆز خانلىقىنى قۇردى (85). بۇ خانلىق «ياركەنت خانلىقى»، «قەشقەر خانلىقى»، «موغۇلىيە مەملىكىتى»، «ياركەنت مەملىكىتى» ۋە «سەئىدىيە خانلىقى» دېگەندەك خىلمۇخىل ئىسىملار بىلەن ئاتالماقتا (86).

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا ھۆكۈمدارلىق قىلغان ياركەنت خانلىقى قۇرۇلغان مەزگىلدە، غەربىي جەنۇبتا بابۇرىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغان، غەربتە ماۋارائۇننەھرگە شەيبانىيلار، غەربىي شىمالغا قازاقلار، شىمال ۋە شەرقىي شىمالغا قالماقلار ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، جەنۇبتىكى تىبەت بولسا، لامائىزم (تىبەت بۇددىزمى)نىڭ تۈرلۈك پىرقىلىرى ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت مۇجادىلىلىرى سەۋەبىلىك، مۇرەككەپ بىر ھالەتتە ئىدى. شەرقتىكى قۇمۇل بولسا، مىڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، گاھىدا بۇلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلغانىدى (87).

سۇلتان سەئىدخان خانلىقنى قۇرغاندىن كېيىن، تەختنى قېرىندىشى مەنسۇرخان بىلەن ئورتاقلاشتى. ھالبۇكى، مەنسۇرخان بۇ چاغدا خانلىقنىڭ شەرقىي قىسىملىرىدا پائالىيەت قىلىپ، گەنسۇ زېمىنلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى (88). يەنە بىر تەرەپتىن، دوغلات بەگلىرىدىن بىرى بولغان، «تارىخىي رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرمۇ تىبەتتە سۇلتان سەئىدخان ئۈچۈن فەتىھ يۈرۈشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى (89). سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىكى (1514~1533) مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ پائالىيەتلەرگە نەزەر تاشلانغاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبلىك «جىھاد» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ (90). سۇلتان سەئىدخانمۇ پەيغەمبەر نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشقان خوجىلارغا زور ھۆرمەت ـ ئېھتىرام كۆرسەتكەنىدى. ھەتتا، تەختنى تاشلاپ، دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم قويماقچى بولغىنىدا، توسۇپ قېلىنغانىدى (91). مەزكۇر خانلىقنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىلەرنىڭ دىنغا ۋە خوجىلارغا بولغان بۇ خىل يېقىنلىقى، مەزكۇر خانلىقنىڭ ۋە رايوننىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلىگەنىدى.

سۇلتان سەئىدخان 1533 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇررەشىدخان (1533~1565) چىقتى. ئابدۇررەشىدخان تەختكە چىقار ـ چىقماستىن، دادىسىنىڭكىگە قارشى يول تۇتۇپ، دوغلات بەگلىرىگە دۈشمەنلىك قىلدى ۋە بۇلاردىن سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈردى (92). سەيىد

مۇھەممەد مىرزىنىڭ جىيەنى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بولسا، ئۇ مەزگىلدە ئابدۇررەشىدخاننىڭ قېرىنداشى ئىسكەندەر سۇلتان (93) (تۈركىستان خانلىقلىرىدا «سۇلتان» نامى خان جەمەتى ئەزالىرىغا ۋە شاھزادىلەرگە بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇلار تەختكە چىققاندا «خان» دەپ ئاتىلاتتى) بىلەن بىللە تىبەتتە، سەئىدىيە خانلىقى ئۈچۈن فەتىھ يۈرۈشلىرىنى قىلىۋاتاتتى. ئابدۇررەشىدخان ئىسكەندەر سۇلتانغا بىر پەرمان يوللاپ، تىبەت دىيارىنى ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىنى ۋە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭمۇ ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن بىللە تىبەتتە قېلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. لېكىن، ئابدۇررەشىدخان تىبەتتىكى سەئىدىيە قوشۇنىغا ئايرىم پەرمان يوللاپ، قوشۇننى دەرھال (شەرقىي تۈركىستانغا) قايتىشقا بۇيرۇدى ۋە قوشۇن مەزكۇر پەرمانغا بىنائەن تىبەتنى تاشلاپ چېقىپ كەتتى (94). ئەنە شۇ رەۋىشتە، (ئۆز نەزىرىدىكى) بولغۇسى رەقىبلىرى بولغان قېرىندىشى ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن دوغلات بېگى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى ھەم ھاكىمىيەت مەركىزىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى، ھەم ھەربىي كۈچتىن مەھرۇم قىلىشنى كۆزلىگەن ئابدۇررەشىدخان ئۆز نىشانىغا يەتتى. ئاقىۋەتتە، قوشۇن تەرىپىدىن تەرك ئېتىلگەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تىبەتتىن بەدەخشانغا باردى ۋە ياركەنت خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى (95). شۇ تەرىقىدە، ئابدۇررەشىدخان دوغلات قەبىلىسىنىڭ نوپۇزىنى سۇندۇردى. لېكىن، خانلىقنىڭ دىنىي خۇسۇسىيىتى سەۋەبلىك، شۇنىڭدىن كېيىن، خوجىلارنىڭ ياركەنت خانلىقىغا بولغان تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى (96).

شۇ مەزگىلدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇزى بارغانسېرى كۈچەيگەن خوجىلار ئۈچ تارماققا بۆلۈندى. بۇلار كۇچا خوجىلىرى، ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە قارا تاغلىق خوجىلاردۇر (97). بۇلارنىڭ ئارىسىدا، تۇنجى بولۇپ كۇچا خوجىلىرىنىڭ نوپۇزى 14 ـ ئەسىردىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ (1329~1365) مۇسۇلمان بولۇشىغا تۈرتكە بولغان كىشى مەزكۇر خوجىلاردىن بىرى بولغان ئەرشىدىندۇر (98). ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەن كۇچا شەھىرىگە يەرلەشكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغانىدى. ئەرشىدىننىڭ ئەۋلادلىرى شۇنىڭدىن كېيىن «كۇچا خوجىلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى (99). 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا (1599/1600)، نەسەبى كۇچا خوجىلىرىنىڭكىدىن ئايرىم بولغان مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرىدىن خوجا ئىسھاق ياركەنتكە كەلدى. شۇ مەزگىلدە، ياركەنت خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان مەھمۇدخان (1591~1609) ئۇنىڭغا (قول بېرىپ) مۇرىت بولدى. ئەنە شۇ رەۋىشتە ياركەنت خانلىقىدا نوپۇز تىكلىگەن خوجا ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ياركەنت خانى ئابدۇللاھ خان دەۋرىدە (1638~1668) مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا كالاننىڭ ئوغلى بولمىش خوجا يۈسۈپ ياركەنتكە كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «ئاق تاغلىقلار» دەپ ئاتالدى (100). خوجا يۈسۈپنىڭ ياركەنت خانلىقىغا كېلىشى بىلەن، ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن خوجا ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان نوپۇز كۈرىشى باشلاندى. بۇ كۈرەش خانلىقنىڭ سىياسىي نوپۇزىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئابدۇللاھ خان بىلەن ئوغلى يولۋاسخاننى بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ خان 1662 ـ يىلى ئوغلى يولۋاسخاننى پايتەختتىن

يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، قەشقەرگە نائىب خان قىلىپ تەيىنلىدى. خوجا كالاننىڭ نەسلىدىن بولغان ئاق تاغلىق خوجىلارمۇ يولۋاسخانغا بولۇشۇپ، قەشقەرگە كەتتى (101). بۇ ۋەقەلەرنىڭ نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندا خوجىلارنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ نوپۇز رايونى شەكىللەندى: قەشقەر ئاغ تاغلىق خوجىلارنىڭ؛ ياركەنت قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ؛ كۇچا بولسا، كۇچا خوجىلىرىنىڭ نوپۇز مەركىزىگە ئايلاندى.

ياركەنت خانلىقىدا خوجىلارنىڭ نوپۇزى ئېشىۋاتقان بۇ مەزگىلدە، سىرتتا، يەنى خانلىقنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى قالماقلار كۈچىيىشكە باشلىدى. قالماقلار 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرقىي (شىمالىي) موڭغۇللارغا نىسبەتەن زەئىپلەشكەن بولسىمۇ (102)، پائالىيەت مەركىزى تەدرىجىي ھالدا غەربكە سۈرۈلگەنلىكتىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا بارغانسېرى كۈچەيدى (103). 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بولسا، قالماقلار باغاتۇر قۇنتەيجىنىڭ رەھبەرلىكىدە (1634~1653) «جۇڭغار» دېگەن نامدا يېڭى بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى (104) ۋە شۇنىڭدىن كېيىن، بۇلارنىڭ ياركەنت خانلىقىغا بولغان تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيدى.

بىر تەرەپتىن، 16 ـ ئەسىردە تۈركىستاننىڭ بوزقىر ۋادىلىرىدىمۇ دىنىنىڭ تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. قازاق بوزقىرلىرىغا ھۆكۈمدارلىق قىلغان قازاقلار ئارىسىدا، ئىلى دەرياسى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى قىرغىزلار ئارىسىدا ۋە شۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ، مەنسۇرخاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن رايونلاردا ئىسلامىيەت خېلىلا يېيىلدى ۋە يىلتىز تارتتى (105). يەنە بىر تەرەپتىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ھۆكۈم سۈرگەن قالماقلار بىلەن تېخىمۇ شەرقتىكى شەرقىي موڭغۇللار بۇ (يەنى 16 ـ ) ئەسىرگە قەدەر ھەم كۆچمەن ـ چارۋىچىلىق ھاياتىنى، ھەم ئەبجەش ھالەتتە كۆك تەڭرى دىنىغا، بۇددىزمغا ۋە تىبەت بۇددىزمىغا (106) ئېتىقاد قىلىشنى داۋاملاشتۇرغاندى. لېكىن، شەرقىي موڭغۇللاردىن ئالتانخان 1576 ـ يىلى تىبەت بۇددىزمىنى قوبۇل قىلىپ، تىبەتتىن بىر لامانى تەكلىپ قىلدى ۋە 1577 ـ يىلى ئۇنىڭغا «دالاي لاما» ئۇنۋانىنى بەردى (107) («دالاي» موڭغۇلچىدە «دېڭىز، بۈيۈك، كەڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، «دالاي لاما»نىڭ مەنىسى «بۈيۈك لاما» دېگەنلىك بولىدۇ)، شۇنداقلا ئۆزىنى بۇ دىننى قوغداشقا ۋە تارقىتىشقا ئاتىدى. بۇ ۋەقە بارلىق موڭغۇللار ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، تىبەت بۇددىزمى نوقۇل ھالدا شەرقىي موڭغۇللارنىڭلا ئەمەس، بەلكى قالماقلارنىڭ ئارىسىدىمۇ، كۆك تەڭرى دىنى بىلەن بۇددىزمنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، يىلتىز تارتتى (108). شۇ تەرىقىدە، بۇ دەۋردە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى كۈلتۈرەل جەھەتتە ئىككىگە ئايرىلدى. ياركەنت خانلىقى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن مۇسۇلمان تۈرك ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى جەنۇبتا ئولتۇراق ھايات خۇسۇسىيىتى بارغانسېرى كۈچەيسە، شىمالدا تىبەت بۇددىزمىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، كۆچمەن ـ چارۋىچى ھاكىمىيەت قالماقلار تەرىپىدىن قۇرۇلدى (109).

ئىچكى قىسمىدا خوجىلارنىڭ نوپۇزىنىڭ كۈچىيىشى، سىرتتا بولسا جۇڭغارلارنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىشى ياركەنت خانلىقىنىڭ غۇلىشىغا زېمىن ھازىرلىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ياركەنت خانلىقىدا ئاق

تاغلىق ۋە قارا تاغلىق مۇجادىلىسى خېلى بەكلا ئەۋجىگە چىقتى. (شۇ مەزگىلدە) خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان ۋە قارا تاغلىق خوجىلارنى قوللىغان ئىسمايىلخان (1670~1678) 1677 ـ يىلى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ كاتتىبېشى ئاپپاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. 1676 ـ يىلى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارلارغا غالدان باش بولغانىدى. قەشقەردىن قوغلانغان ئاپپاق خوجا تىبەتكە بېرىپ، دالاي لامادىن ياردەم تىلىدى. دالاي لامامۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش خۇسۇسىدا غالدانغا مەكتۇپ يوللىدى. بالىلىق مەزگىللىرىنى تىبەتتە دالاي لامانىڭ يېنىدا ئۆتكۈزگەن غالدان ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كېڭىيىشىگە ئىمكان يارىتىدىغان بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. 1678 ـ يىلى ياركەنت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسمايىلخاننى ئەسىر ئالغان غالدان قەشقەر ۋە ياركەنتنى ئاپپاق خوجىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى بۇ رايونلارغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئىسمايىل خان بولسا، ئائىلىسى بويىچە ئىلىغا ئېلىپ كېتىلدى (110). شۇ تەرىقىدە، قەشقەر رايونىدا ياركەنت خانلىقى غۇلاپ، جۇڭغارلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە تايانغان خوجىلارنىڭ بىۋاستە ھاكىمىيىتى باشلاندى.

## 2. خوجىلار دەۋرى (1678~1759)

1678 ـ يىلى، ئاق تاغلىق خوجىلاردىن ئاپپاق خوجا بىلەن باشلانغان يېڭى دەۋر، ئەمەلىيەتتە ۋاستىلىك جۇڭغار ھاكىمىيىتى ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت مانجۇلار مەزكۇر رايوننى ئىشغال قىلغانغا قەدەر گاھى ۋاستىلىك، گاھى بىۋاستە داۋاملاشتى.

مەزكۇر رايوننى ئاپپاق خوجىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىگە بېقىندۇرغان جۇڭغار خانى غالدان 1681 ـ يىلىدىن كېيىن قۇمۇل بىلەن تۇرپاننى قولغا كىرگۈزدى (111) ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ، جۇڭغار ئىتتىپاقىنى شەرقىي موڭغۇللارغا ۋە مانجۇلارغا قارشى تۇرغۇدەك قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇردى.

ئاپپاق خوجا بولسا، دالاي لامادىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدا ئېتىرازلارغا ئۇچرىماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، قارا تاغلىق خوجىلارنى ياقىلايدىغان ئاۋامۇ ئىلگىرىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا قارشى ئىدى. بەلكىم مۇشۇ ئېتىرازلار ئالدىدا، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، ئاپپاق خوجا ئاخىرقى ياركەنت خانى ئىسمايىلخاننىڭ قېرىندىشى بولغان مۇھەممەد ئەمىن (باھادىر)نى خان قىلىپ جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. ھەم ئاپپاق خوجىنىڭ ھەقلىق تەخت ۋارىسى بولمىش مۇھەممەد ئەمىننى تەختكە چىقارغانلىقى، ھەم مۇھەممەد ئەمىننىڭ خان قىلىپ جاكارلانغاندىن كېيىن، جۇڭغارلارغا قارشى مەۋقەدە بولغانلىقى، جۇڭغارلارنى مەلۇم دەرىجىدە بۇ رايوندىن يىراقلاشتۇردى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇھەممەد ئەمىن خان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا 1694 ـ يىلى ئۆلگەنگە قەدەر، جۇڭغارلارغا تايىنىپ

**تۇرۇپ، ھاكىمىيىتنى داۋاملاشتۇردى (112). شۇنداقلا، 1678 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن جۇڭغارلارغا يىللىق ئولپان تاپشۇردى (113).**

**ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى خانىم پادىشاھىمۇ (بۇ ئايالىنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ مۆھتەرەم خېنىم ئىكەنلىكى مەلۇم، ت) ئىشتىراك قىلغان تەخت جېدەلى باشلاندى ـ دە، ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلار ئارىسىدىكى جېدەل ـ غوۋغا قايتىدىن ئەۋج ئالدى. نەتىجىدە، ياركەنتتە قارا تاغلىق خوجىلاردىن دانىيال خوجا، قەشقەردە بولسا ئاق تاغلىقلاردىن ئەھمەد خوجا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلەپ، ئۆزئارا ئۇرۇشتى. بۇ مەزگىلدە، 1697 ـ يىلى ئۆلگەن غالداننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان سېۋان ئارابتان (1697~1727) ياركەنت خانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ رايوننى بىۋاستە ئۆزىگە بېقىندۇردى ۋە ھەر ئىككى خوجىنى ئەسىر ئېلىپ ئەكەتتى. جۇڭغارلار مەزكۇر رايوننى 1720 ـ يىلىغىچە بىۋاستە ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى قارا تاغلىق دانىيال خوجىنى ياركەنتكە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمما، بۇنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا جاھاننى بارىمتاي (تۇرغاق) قىلىپ تۇتۇپ قالدى ۋە دانىيال خوجىنىڭ جۇڭغارلارنىڭ ئىلىدىكى پايتەختىگە كېلىپ، ساداقەت بىلدۈرۈشىنى شەرت قىلدى. شۇنداقلا، بۇ مەزگىلدە جۇڭغار بەگلىرى مەزكۇر رايوندا (يەنى ياركەنت زېمىنلىرىدا) كەڭ كۆلەمدە يەر ـ زېمىن سېتىۋېلىشقا باشلىدى (114).**

**دانىيال خوجا ۋالىي بولۇشتىن ئىلگىرى، جۇڭغارلار مەزكۇر رايوندىن يىلىغا 100 مىڭ تەڭگە ئولپان يىغاتتى. دانىيال خوجا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن بولسا، بۇ پۇللارنى توپلاش ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى ۋە شۇنىڭ بەدىلىگە، ئۇنىڭغا ئۆشرە ـ زاكات قاتارلىق دىنىي كىرىملەردىن پايدىلىنىش ئىمتىيازى بېرىلدى (115).**

**بۇ مەزگىلدە، سېۋان ئارابتان ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغار تەختىگە غالدان سېرىن (1727~1745) چىقتى. بۇ دەۋردە، جۇڭغار خانلىقى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، مانجۇلار ۋە شەرقىي موڭغۇللارنىڭ زەربىلىرى ئالدىدا چېكىنىشكە باشلىدى. دانىيال خوجا 1735 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىگە كېلىشىدىن تەشۋىشلەنگەن جۇڭغارلار دانىيال خوجىنىڭ تۆت ئوغلىنى تۆت شەھەرگە، يەنى خوجا جاھاننى ياركەنتكە، يۈسۈپ خوجىنى (116)[1] قەشقەرگە، ئەييۇب خوجىنى ئاقسۇغا ۋە ئابدۇللاھ خوجىنى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن، جۇڭغارلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇ تۆت خوجىنىڭ ھەربىرىنىڭ يېنىغا ئۆزلىرىگە (جۇڭغارلارغا) قاراشلىق ھاكىمبەگلەرنى تەيىنلىدى (117).**

---

[1] يۈسۈپ خوجا بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى بولۇپ، ئاپىسى جۇڭغار نەسلىدىن بولغاچقا، بالىلىق چاغلىرىنى جۇڭغارىيەدە ئۆتكۈزگەنىدى ۋە شۇ سەۋەبتىن جۇڭغارچە ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلەتتى، خوۋورس «موڭغۇللارنىڭ تارىخى» 1 ـ جىلد 650 ـ بەت

1745 ـ يىلى جۇڭغار خانى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغارلار ئارىسىدا تەخت غەۋغاسى ئەۋج ئالدى ۋە داۋاچى قىسقا بىر مۇددەت تەختتە ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ مەزگىلدە، قەشقەر ۋالىيسى بولغان يۈسۈپ خوجا داۋاچى تەرىپىدىن ئىلىدە ياشاشقا مەجبۇرلانغانىدى. يۈسۈپ خوجا بۇ يەردە تۇرۇش جەريانىدا، جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى نىزالىرىدىن ۋاقىپلاندى ۋە بۇنى جۇڭغار هاكىمىيىتىنى غۇلىتىشنىڭ ياخشى پۇرستى دەپ قارىدى. ئۇ بۇ خىيالىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، «قەشقەر قىرغىزلارنىڭ تەهدىتىگە ئۇچرىماقتا» دەپ باهانە كۆرسىتىپ، قەشقەرگە قايتىش ئۈچۈن داۋاچىدىن ئىجازەت ئالدى. ئۇ 1754 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، جۇڭغارلارغا قارشى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن، قەشقەر قەلئەسىنى يېڭىدىن بىنا قىلىشقا ۋە قوشۇن توپلاشقا باشلىدى. بۇ جەريانىدا، ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپاندىكى هاكىمبەگلەر بىر تەرەپتىن بۇ ئەهۋالنى جۇڭغارلارغا مەلۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپ خوجىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. لېكىن، يۈسۈپ خوجا بۇ سۇيىقەستتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى. يۈسۈپ خوجىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلار ئارىسىدىكى ئارتۇش ئىشكئاغىسى ئابساتاربەگ (جۇڭغارلارنىڭ يېنىغا) قېچىپ كەتتى ھەمدە قەشقەر ۋە ياركەنتنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. گەرچە داۋاچى جاسۇسلىرى ئارقىلىق ۋە ياركەنت هاكىمبېگى هاجىبەگنىڭ ياردىمىدە بۇ شەهەرنى باشقۇرۇۋاتقان خوجا جاهاننى تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ، يۈسۈپ خوجا قەشقەردە پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. يۈسۈف خوجا ئالدى بىلەن قەشقەر ئەتراپىدىكى جۇڭغارىيەلىك 300 سودىگەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىش، ئەگەر ئۇنىمىسا ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەردە مۇهاپىزەتچى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاز ساندىكى جۇڭغارلارنى رايوندىن قوغلاپ چىقاردى. خوجا جاهاننىڭ ئوغلى سادىق خوجىمۇ خوتەندە ئىككى كۈن ئىچىدە يەتتە مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن هازىرلاپ، بىر قىسىم قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، ياركەنتكە قاراپ ماڭدى ۋە ياركەنت هاكىمبېگى هاجىبەگنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ (تۇتقۇن هېسابىدا) يېنىغا ئېلىپ، دادىسىغا بىرەر ئىش بولغان تەقدىردە، ئۇلارنى قىيناپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ياركەنتكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، هاجىبەگ جۇڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈپ، خوجا جاهاننىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. بۇنىڭدىن سىرت، هاجىبەگ جۇڭغار جاسۇسلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان بولسىمۇ، خوجا جاهان كاپىرلارنى پەقەت ئۇرۇش جەريانىدىلا ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى شەهەر سىرتىغا چىقىرىۋەتتى ۋە بۇ رايونغا ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماسلىق هەققىدە ئاگاهلاندۇردى. بۇ جەريانىدا، يۈسۈپ خوجىمۇ قوقەند بىلەن بۇخاراغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى (118).

بۇ مەزگىلدە، داۋاچىنىڭ رەقىبى بولغان ئامۇرسانا مانجۇلاردىن پاناهلىق تىلىگەنىدى. بارغانسېرى كۈچەيگەن مانجۇ تەهلىكىسىگە دۇچ كەلگەن داۋاچىنىڭ قەشقەر رايونىغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ماجالى قالمىغانىدى. ئاخىرىدا، ئامۇرسانانىڭ جۇڭغار تەختىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشى نەتىجىسىدە، 1755 ـ يىلى مانجۇلار جۇڭغارلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش پۇرستىگە ئېرىشتى. مانجۇلارنىڭ

ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن داۋاچى ئۈچتۇرپانغا قاچقان بولسىمۇ، ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى ئۇنى مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى ۋە مانجۇلار داۋاچىنى بېيجىڭغا ئەكېتىپ، ئىلى رايونىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى ئامۇرساناغا تاپشۇردى (119).

ئەنە شۇ رەۋىشتە، جۇڭغارلار مانجۇلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. مانجۇلار تەرىپىدىن بۇ رايونغا تەيىنلەنگەن ئامۇرسانانىڭ ئىلگىرىكى جۇڭغار خانلىرىنىڭكىدەك كۈچى يوق ئىدى. جۇڭغارلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغاندەك، قەشقەر رايونىمۇ مۇستەقىل ھالەتكە كەلگەنىدى. ئامۇرسانا قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۆز يېنىدىكى مانجۇ سانغۇنى پانتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالغان ھالدا، شۇ ۋاقىتتا ئەسىر سۈپىتىدە ئۆز قولىدا تۇرۇۋاتقان بۇرھانىددىن خوجا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى جاھانگىر خوجىنىڭ (ئەل ئارسىدىكى) نوپۇزىدىن پايدىلانماقچى بولدى. جاھانگىر خوجا تۇرغاق ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، بۇرھانىددىن خوجا قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە قەشقەر رايونىغا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭغا قارىتا، قەشقەر رايونىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقان يۈسۈپ خوجا بۇرھانىددىن خوجىغا ئىلگىرىكى دۈشمەنلىكلەرنى ئۇنتۇپ ئىتتىپاقلىشىش ۋە شۇ تەرىقىدە ئىلىغا (يەنى جۇڭغارلارغا قارشى) يۈرۈش قىلىش خۇسۇسىدا تەكلىپ ئەۋەتتى ھەمدە (جۇڭغارلارنى مەغلۇپ قىلغان تەقدىردە) قەشقەر، ئاقسۇ ۋە تۇرپاننى بۇرھانىددىن خوجىغا بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، جۇڭغارلار ۋە مانجۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن بۇرھانىددىن خوجا يۈسۈپ خوجىنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب سۈپىتىدە، ئۇنى ئىلىغا بېرىپ، جۇڭغارلاردىن ئەپۇ تىلەشكە ئۈندىدى ۋە توختىماستىن قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئاق تاغلىق خوجىلاردىن بولغان بۇرھانىددىن خوجا قەشقەر ئەتراپىدا پەيدا بولۇشى بىلەن، قەشقەر خەلقى توپ ـ توپ بولغان ھالەتتە ئۇنى قارشى ئالغىلى چىقتى. يۈسۈپ خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرەپتارلىرى قەشقەردىن چېكىنىپ، ياركەنتكە پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. بۇرھانىددىن خوجىمۇ تاپ بېسىپ ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى ۋە بىر قېتىملىق مۇھاسىرىدىن كېيىن شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى (120). شۇ تەرىقىدە، قەشقەر رايونى ئامۇرساناغا بېقىندى بولۇپ، يەنە بىر قېتىم مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم بولدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، جاھانگىر خوجىمۇ قويۇپ بېرىلدى ۋە ئاكىسى بۇرھانىددىن خوجا بىلەن بىللە، ئامۇرسانانىڭ بېقىندى بەگ (ۋاسسال)لىرى سۈپىتىدە، (جۇڭغارلارغا بېقىندى بولغان قەشقەر رايونىغا) ھۆكۈمدارلىق قىلىشقا باشلىدى. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ مەزگىلدە ئامۇرسانا مانجۇلارغا بېقىناتتى. شۇ ۋەجىدىن، قەشقەر رايونى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بېقىندىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالغانىدى.

لېكىن، مانجۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى ھاكىمىيىتى ھېلىھەم مۇقىم ئەمەس ئىدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مانجۇ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىدىن شۈبھىلەنگەن ئامۇرسانا ئىسيان كۆتۈرگەندە، يەنى 1757 ـ يىلى بۇرھانىددىن بىلەن جاھانگىر خوجىمۇ (جۇڭغارلارغا قارشى) ئىسيان كۆتۈردى. مانجۇلار بولسا، ئاۋۋال ئامۇرساناغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىر قوشۇن ئەۋەتىپ، ئامۇرسانىنى يەنە ۋە جۇڭغارلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىشكە ئازلا قالدى (121). مانجۇلار ئامۇرسانانى بىر تەرەپ

**قىلىپ، ئىلى رايوننى تامامەن ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونىغا قوشۇن تارتتى ھەمدە بۇ رايونىدىكى شەھەرلەرنىمۇ قولغا كىرگۈزۈپ، 1759 ـ يىلى بۇ رايونغا ھەقىقىي رەۋىشتە ھۆكۈمدارلىق قىلدى (122). (بۇ يەردە) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە خوجىلارغا ئېھتىياجى قالمىغان مانجۇلار شۇنىڭدىن كېيىن خوجىلاردىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنمىغاچقا، خوجىلار ھۆكۈمدارلار تەبىقىسىدىن تامامەن سىقىپ چىقىرىلدى. لېكىن، خەلقنىڭ نەزىرىدە يۈكسەك ئېتىبارغا ئىگە خوجىلارنىڭ بۇ تەرزدە چەتكە قېقىلىشى 19 ـ ئەسىردە سۈرگۈندىكى خوجىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پات ـ پاتلا ئىسيان كۆتۈرۈشىگە، شۇنداقلا خەلقنىڭمۇ ئۇلارنى قوللىشىغا سەۋەب بولدى.**

تۈركچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەلنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىڭ




# ئون كۈچلۈك دۆلەت

## ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئون دۆلەت

دۇنيادا ئىككى يۈزگە يېقىن دۆلەت بار بولۇپ، تۆۋەندە بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا ئۇنىۋېرسال كۈچى باشقىلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈك ھېسابلانغان ئون دۆلەتنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

**1. كانادا**

پايتەختى: ئوتتاۋا

نوپۇسى: 37 مىليون 593 مىڭ 384

يەر كۆلىمى: توققۇز مىليون 984 مىڭ 670 كۋادرات كىلومېتىر

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: بىر تىرىللىيون 740 مىليارد دوللار

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 50 مىڭ 661 دوللار

كانادا شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن ئىككىسىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، يەر كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە رۇسىيەدىن قالسىلا دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كانادانىڭ نوپۇسى شالاڭ بولۇپ، خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان چېگراسىغا يېقىن بولغان (جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان) 125 مىل كېلىدىغان بەلباغدا ياشايدۇ.

1971 ـ يىلى، كانادا كۆپ كۈلتۈرلۈك دۆلەت سىياسىتىنى ماقۇللىغان بولۇپ، كانادالىقلار ئۆز دۆلىتىنىڭ بارلىق پۇقرالارنى ئۆز كۈلتۈرىگە ھۆرمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كانادا يەرلىك قەۋملەرگە ۋە فرانسۇزچە سۆزلىشىدىغانلارنى ئاساس قىلغان كۋېبېك ئۆلكىسىگە مۇناسىۋەتلىك خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە.

كانادا ئاساسىي قانۇنلۇق (پارلامېنتلىق) پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەت بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت II ئۆز نۆۋىتىدە كانادانىڭمۇ پادىشاھى، يەنى دۆلەت باشلىقىدۇر.

كانادا يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەتلەشكەن، ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى دۆلەتتۇر. كانادا ئامېرىكا بىلەن قويۇق سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولۇپ، نۆۋەتتە ئىككى دۆلەت بىر ـ بىرىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھىغا ئايلاندى.

**2. ياپونىيە**

**پايتەختى: توكيو**

**نوپۇسى: 126 مىليون 264 مىڭ 931**

**يەر كۆلىمى: 377 مىڭ 915 كۋادرات كىلومېتىر**

**ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: بەش تىرىلىيون 150 مىليارد دوللار**

**كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 42 مىڭ 896 دوللار**

ياپونىيە تۆت ئاساسىي ئارال ۋە 6800 ئۇششاق ئارالدىن تەركىب تاپقان. گەرچە ياپونىيە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى تاغ ۋە قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ، ياپونىيە خەلقى تىپىك شەھەر تۇرمۇشىدا ياشايدۇ.

ياپونىيە مىلادىي تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە بەشىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا سىياسىي جەھەتتىن بىر گەۋدىلىشىشكە باشلىغان. شۇنداقلا، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كۆلتۈر جەھەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسىرلەر بويى داۋاملاشقان ھەربىي ھاكىمىيەت ئورنىتىلغان ھەمدە بۇ دۆلەت 1600 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بېكىك ھالەتتە ياشىغان. ئاندىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۆز پورتلىرىنى غەرب ئەللىرىگە ئېچىشقا مەجبۇر بولغان. ياپونىيە 20 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، زېمىن كېڭەيتىش كويىدا، خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلغان ۋە بۇ كېڭەيمىچىلىكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇش بىلەن نەتىجىلەنگەن.

نۆۋەتتە، ئۇ ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى، پارلامېنتلىق ھۆكۈمەتكە ئىگە دۆلەتتۇر.

ياپونىيە دۇنيادىكى پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن بىرى، شۇنداقلا ئۈچىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىدۇر.

**3. گېرمانىيە**

**پايتەختى: بېرلىن**

**نوپۇسى: 83 مىليون 92 مىڭ 962**

**يەر كۆلىمى: 357 مىڭ 22 كۋادرات كىلومېتىر**

**ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: ئۈچ تىرىلىيون 890 مىليارد دوللار**

**كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 56 مىڭ 285 دوللار**

**شىمالىي ياۋروپادىكى گېرمان تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنىڭ تارىخى قەدىمىي دەۋرلەرگە تۇتاشسىمۇ، ئەمما ھازىرقى گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ رامكىسى 19 ـ ئەسىردە ئاندىن شەكىللەنگەن.**

**نۆۋەتتە، گېرمانىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ بىرى. 1990 ـ يىلى شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيەلەر بىرلەشكەندىن بۇيان، گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى تەسىرى ئىزچىل كۈچىيىپ كەلدى.**

**گېرمانىيە يۇقىرى ماھارەتلىك مول ئەمگەك كۈچىگە ئىگە. ئەمما، ھازىر ياشانغانلارنىڭ نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتلەرگە كېتىدىغان چىقىمىمۇ ئاشماقتا. يۇقىرالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گېرمانلار بولۇپ، تۈركلەر ۋە باشقا ياۋروپالىقلار غوللۇق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ.**

**4. شۋېتسارىيە**

**پايتەختى: بېرن**

**نوپۇسى: 8 مىليون 575 مىڭ 280**

**يەر كۆلىمى: 41 مىڭ 277 كۋادرات كىلومېتىر**

**ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 732 مىليارد دوللار**

**كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 73 مىڭ 144 دوللار**

رەسمىي ئىسمى «شۋېيت ئىتتىپاقى» (Swiss Confederation) بولغان شۋېتسارىيە، ئوتتۇرا ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتتۇر. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىكى بىلەن تونۇلغان.

شۋېيت ئىتتىپاقى ئەڭ دەسلەپتە 1291 ـ يىلى ئايماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇداپىئە ئىتتىپاقى سۈپىتىدە قۇرۇلغان ۋە 1499 ـ يىلى، مەزكۇر ئىتتىپاق رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل بولغان. 1848 ـ يىلى، يېڭى ئاساسىي قانۇن مەزكۇر ئىتتىپاقنى مەركەزلىك فېدېراتسىپ ھۆكۈمەتكە ئايلاندۇرغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەت نىسپىي خاتىرجەملىكتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلمەكتە.

شۋېتسارىيە ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىكى بىلەن، ئۇزۇندىن بۇيان ياۋروپادىكى قوشنىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھەر ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان. شۇنداقلا، ئۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىغىمۇ ئەزا ئەمەس. شۇ سەۋەبلىك، شۋېتسارىيە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ جەنۋە شەھىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى (ئەمما شۋېتسارىيە ئۆزى 2002 ـ يىلى ئاندىن ب د ت غا ئەزا بولغان) ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ باش شتابىدۇر.

شۋېتسارىيە دۇنيادىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك ئەمگەك كۈچىگە ئىگە دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا، كارخانا باج نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچىلىق تۈرتكە بولغان.

5. ئاۋستىرالىيە

پايتەختى: كەنبېررا

نوپۇسى: 25 مىليون 365 مىڭ 745

يەر كۆلىمى: يەتتە مىليون 741 مىڭ 220 كۋادرات كىلومېتىر

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: بىر تىرىليون 390 مىليارد دوللار

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 52 مىڭ 31 دوللار

ئاۋستىرالىيە فېدېراتسىيەسى ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزكۇر چوڭ قۇرۇقلۇقتىن باشقا يەنە بىر قانچە ئارىلىمۇ بار.

گەرچە ئاۋستىرالىيە 1986 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن بولغان بارلىق ئاساسىي قانۇنلۇق باغلىنىشىغا خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابىت II ھېلىھەم ئاۋستىرالىيەنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك دۆلەت باشلىقىدۇر.

ئاۋستىرالىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىزچىل ھالدا ئەنگلىيە، كېلتىك ۋە ئامېرىكا كۆلتۈرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئېنگلىزچىدىن باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان دۆلەتلەردىن، ئاساسلىقى ئاسىيادىن كەلگەن كۆچمەنلەر بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆلتۈرىگە تەسىر كۆرسەتتى.

ئاۋستىرالىيە كانسازلىق ۋە قوي باقمىچىلىقى ساھەسىدە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

6. ئامېرىكا

پايتەختى: ۋاشىڭتون

نوپۇسى: 328 مىليون 329 مىڭ 953

يەر كۆلىمى: توققۇز مىليون 833 مىڭ 517 كۋادرات كىلومېتىر

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 21 تىرىليون 400 مىليارد دوللار

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 65 مىڭ 280 دوللار

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا، مېكسىنىڭ شىمالىغا، كانادانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچتۇر.

ئامېرىكا 1776 ـ يىلى بۈيۈك بىرىتانىيە (ئەنگلىيە) ئىمپېرىيەسىدىن مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاپ، 1783 ـ يىلى يېڭى دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكىلى تاس قالغان بۇ دۆلەت 20 ـ ئەسىردە باش كۆتۈرگەن ۋە ھەر ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا زەپەر قۇچقۇچىلار سېپىدىن ئورۇن ئالغان.

ئامېرىكا ئەللىك شتاتتىن تەركىب تاپقان، ئاساسىي قانۇنلۇق فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەتتۇر.

ئامېرىكا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، شۇنداقلا تېخنىكا جەھەتتە ئەڭ ئىلغار ئىقتىسادىي گەۋدىدۇر. بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېكسپورتى كومپيۇتېر ۋە ئېلېكترونلۇق

ئۈسكۈنىلەر، ئاپتوموبىل، خىمىيىلىك مەھسۇلات، يېمەكلىك، تىرىك ھايۋان ۋە ھەربىي ئۈسكۈنىلەردۇر. ئامېرىكا يەنە دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ كۆمۈر زاپىسىغا ئىگە.

بۇ دۆلەتتە خارۋارد ۋە ماسساچۇسېتس شتاتلىق تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى (MIT) قاتارلىق دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار بار.

گەرچە ئامېرىكا يەرشارىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئىرقىي سۈركىلىش، كىرىم تەڭسىزلىكى ۋە خەلقنىڭ سىياسىي جەھەتتە بارغانسېرى قۇتۇپلىشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىچكى خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە.

7. يېڭى زېلاندىيە

پايتەختى: ۋېلىڭتون

نوپۇسى: تۆت مىليون 979 مىڭ 300

يەر كۆلىمى: 268 مىڭ 838 كۋادرات كىلومېتىر

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 213 مىليارد دوللار

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 45 مىڭ 73 دوللار

يېڭى زېلاندىيە تىنچ ئوكيانغا، يەنى ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئارال دۆلىتىدۇر. 1840-يىلى يەرلىك خەلق، يەنى ماۋرىلار «ۋايتەڭى شەرتنامىسى» (Treaty of Waitangi) ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، ياۋروپالىق كۆچمەنلەر بۇ يەرگە تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىغان. شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈن يېڭى زېلاندىيەلىكلەرنىڭ يەتمىش پىرسەنتى ياۋروپالىق كۆچمەنلەرنىڭ پۇشتىدۇر.

گەرچە ئەنگلىيە پادىشاھى ھېلھەم يېڭى زېلاندىيەنىڭ دۆلەت باشلىقى بولسىمۇ، ئەمما يېڭى زېلاندىيە 1907-يىلى مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان باش مىنىستىر رەھبەرلىكىدىكى مۇستەقىل پارلامېنتلىق تۈزۈمنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

يېڭى زېلاندىيە مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئېشىش ۋە ئۆزگىرىشلەرنى روياپقا چىقاردى. ئۇنىڭ سۈت، قوي، كالا گۆشى، ئۆي قۇشلىرى، مېۋە-چىۋە ۋە كۆكتاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئىزچىل ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ساياھەتچىلىك كۆلىمىمۇ كېڭەيدى.

يېڭى زېلاندىيەدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، مائارىپقا ئاجرىتىلغان خىراجەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتمۇ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

**8. ئەنگلىيە**

**پايتەختى: لوندون**

**نوپۇسى: 66 مىليون 836 مىڭ 327**

**يەر كۆلىمى: 243 مىڭ 610 كۋادرات كىلومېتىر**

**ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: ئىككى تىرىلىيون 880 مىليارد دوللار**

**كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 49 مىڭ 334 دوللار.**

ئەنگلىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولۇپ، خەلقئارادا ئىقتىساد، سىياسەت، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى زور تەسىرگە ئىگە. ئۇ بۈيۈك بىرىتانىيە ئارىلى (ئېنگلاند، شوتلاندىيە ۋە ۋېلشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئېرلاندىيە ئارىلىنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ دۆلەتنىڭ يەرشارىدىكى تەسىرى ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدىكى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىدىن مەنبەلىنىدىغان بولۇپ، مەزكۇر تەسىر 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۆۋەنلەپ، ئەنگلىيە ئۆزى مۇستەملىكە قىلغان جايلاردىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىغان.

ئەنگلىيەنىڭ پەن مائارىپ سەۋىيەسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئوكسفورد، كەمبرىج ۋە لوندون ئىمپېرىيە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلار بار.

ئەنگلىيە ب د ت بىخەتەرلىك كېڭەشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شۇنداقلا ياۋروپا ئىتتىپاقى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق ئاساسلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ غوللۇق ئەزاسىدۇر.

**9. شۋېتسىيە**

**پايتەختى: ستوكھولم**

**نوپۇسى: 10 مىليون 278 مىڭ 887**

**يەر كۆلىمى: 450 مىڭ 295 كۋادرات كىلومېتىر**

**ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 534 مىليارد دوللار**

**كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 55 مىڭ 338 دوللار.**

**غەربتە نورۋېگىيە، شەرقتە بالتىق دېڭىزى بىلەن چېگرالىنىدىغان شۋېتسىيە پادىشاھلىقى سكاندىناۋىيا ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، يەر كۆلىمى جەھەتتە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر.**

**شۋېتسىيە باشقا شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، يۇكسەك كاپىتالىستلاشقان، ئاممۋى مۇلازىمەتكە كۆپ خىراجەت ئاجرىتىدۇ. باج نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئىلغار ئۇل مۇئەسسەسە ۋە قاتناش تورى بايلىقنىڭ باراۋەر تەقسىملىنىشىگە تۈرتكە بولغان.**

**بۇ يەردە داۋالىنىش ۋە ئۇنىۋېرستېت مائارىپى ھەقسىز.**

**شۋېتسىيەنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە تەرىپى شۇكى، بۇ يەردىكى ئەخلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلىتىلىدۇ.**

**ھالبۇكى، شۋېتسىيەنىڭ ئېكسپورتقا تايىنىدىغان ئىقتىسادى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، يېقىنقى مەزگىللەردە ياۋرونىڭ كۇرسىنىڭ تۆۋەنلىشى، ياۋروپا ئىتتىپاقىغىمۇ، شۋېتسىيەگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما، شۋېتسىيە سىجىل رەۋىشتە ئەسلىگە كېلىپ، ياغاچ ماتېرىياللىرى، سۇ ئېلېكتر ۋە تۆمۈر رۇدىسىنىڭ سودا بازىرىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ.**

**10. گوللاندىيە**

**پايتەختى: ئامستېردام**

**نوپۇسى: 17 مىليون 344 مىڭ 874**

**يەر كۆلىمى: 41 مىڭ 543 كۋادرات كىلومېتىر**

**ئېچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 910 مىليارد دوللار**

**كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئېچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى: 59 مىڭ 675 دوللار.**

**دەسلەپتە ئىسپانىيەنىڭ، كېيىن فرانسىيەنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئىشغالىيىتىدىن كېيىن، گوللاندىيە پادىشاھلىقى 1815 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن.**

**كۆركەم گۈلى بىلەن تونۇلغان، يۇقىرى كىرىملىك تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولمىش گوللاندىيە دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ يەردە سانائەت ئاساسەن ماشىنىلاشقان. ئوچۇق بازار سىياسىتى ۋە ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك ئورنى گوللاندىيەنىڭ سودا ئاكتىپ بالانسىنى ساقلىشىغا تۆرتكە بولغان.**

**مىڭدىن ئارتۇق كۆۋرۈك ۋە يىگىرمە مىڭ ئېنگىلىز مىللىق ۋېلىسىپىت يولى نوپۇس زىچ ئولتۇراقلاشقان بۇ دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. يۇقىرىلارنىڭ كۆپىنچىسى راندستاد (Randstad) دەپ ئاتىلىدىغان دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەر توپىغا مەركەزلەشكەن. بۇ يەرنىڭ كۆپ قىسمى جايلىرى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولۇپ، ھەر يىلى ئاتمىش مىليون ئادەم پايتەخت ئامستېردامدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئۈچ مېتىر تۆۋەن بولغان شىپول (schiphol) ئايرودرومىغا قونىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.usnews.com/news/best-countries/rankings



# سىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ھېكمەتلەر

# ئىلھامبەخش ئەقلىيە سۆزلەر

1. كۆپىنچە ھاللاردا، ئىشلار تاكى ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانغا قەدەر ئىمكانسىزدەك كۆرۈنىدۇ. ــ نېلسون ماندېلا

It always seems impossible until it's done. (Nelson Mandela)

2. ھاياتىنىڭ بىر ئۈلۈشىنى بېشىڭىزغا كەلگەن ئىشلار، قالغان توققۇز ئۈلۈشىنى سىزنىڭ شۇ ئىشلارغا قايتۇرغان ئىنكاسىڭىز تەشكىل قىلىدۇ. ــ چارلېس سۋىندول

Life is 10% what happens to you and 90% how you react to it. (Charles R. Swindoll)

3. بىزنىڭ ئەڭ زور ئاجىزلىقىمىز بەل قويۇۋېتىشتۇر. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ ئېنىق يولى بولسا، پەقەت يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈشتۇر. ــ توماس ئېدىسون

Our greatest weakness lies in giving up. The most certain way to succeed is always to try just one more time. (Thomas A. Edison)

4. مەنچە، سىزنىڭ ھەممە ئادەمدىن مۇنەۋۋەر بولۇشىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، پەقەت ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان ئەڭ مۇنەۋۋەر ھالىتىڭىزدىن مۇنەۋۋەرراق بولسىڭىزلا كۇپايە. ــ كېن ۋېنتۇرى

I don't believe you have to be better than everybody else. I believe you have to be better than you ever thought you could be. (Ken Venturi)

5. ھازىرنىڭ ئۆزىدە جىددىي ئىجرا قىلىنغان ياخشى پىلان كېلەر ھەپتە ئىجرا قىلىنىدىغان مۇكەممەل پىلاندىن ئەلادۇر. ــ جورجى پاتون

A good plan violently executed now is better than a perfect plan executed next week.

(George S. Patton)

6. يا سىز كۈننى ئۆتكۈزىسىز، بولمىسا كۈن سىزنى ئۆتكۈزىدۇ. ــ جىم رون

Either you run the day or the day runs you. (Jim Rohn)

7. بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى چوقۇم ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىمىقىمىز لازىم. ئىرادە كۇپايە قىلمايدۇ، چوقۇم ھەرىكەتكە ئۆتۈشىمىز لازىم. — جون ۋولف گەڭ ۋون گېيۇتى

Knowing is not enough; we must apply. Willing is not enough; we must do. (Johann Wolfgang von Goethe)

8. ئىلگىرىلەشنىڭ سىرى باشلاشتۇر. — مارك تۋېن

The secret of getting ahead is getting started. (Mark Twain)

9. كائىناتنىڭ سىز چوقۇم ئىسلاھ قىلالايدىغان بىر بۇرجىكى باركى، ئۇ دەل سىز ئۆزىڭىزدۇر. — ئالدوۋس خاكسلى

There is only one corner of the universe you can be certain of improving, and that's your own self. (Aldous Huxley)

10. نىشان بېكىتىش — كۆرۈنمەس (مۇۋەپپەقىيەت)نى روشەنلەشتۈرۈشنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر. — تونى روبىنس

Setting goals is the first step in turning the invisible into the visible. (Tony Robbins)

11. سىز قىرغاقتا تۇرۇپ سۇغا چەكچىيىش بىلەنلا، دېڭىزدىن ئۆتۈپ كېتەلمەيسىز. — رابىندىرات تاگور

You can't cross the sea merely by standing and staring at the water. (Rabindranath Tagore)

12. ئىشنى باشلىماي تۇرۇپ ھەرگىز ئۇتۇق قازىنالمايسىز. — ھېلىن روۋلەند

You will never win if you never begin. (Helen Rowland)

13. ھەربىر چىقىش ئېغىزى ئۆز نۆۋىتىدە باشقا بىر يەرنىڭ كىرىش ئېغىزىدۇر. — توم ستوپارد

Every exit is an entry somewhere else. (Tom Stoppard)

14. سىز ھېچقاچان يېڭى نىشان بېكىتەلمىگۈدەك ياكى يېڭى غايىلەر توغرىسىدا خىيال سۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتمەيسىز. — لېس بروۋن

You are never too old to set another goal or to dream a new dream. (Les Brown)

15. ئۆزىڭىزنى تونۇغىڭىز بارمۇ؟ ئۇنداقتا (بۇ ھەقتە) سوئال سوراشنىڭ ئورنىغا، ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ! سىزنى سۈپەتلەيدىغىنى قىلمىشلىرىڭىزدۇر. — توماس جېفېرسون

Do you want to know who you are? Don't ask. Act! Action will delineate and define you. (Thomas Jefferson)

16. ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ئەسىرى بولۇشقا رازى بولماسلىقىڭىز مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ بېسىلغان تۇنجى قەدەمدۇر. — مارك كەين

The first step toward success is taken when you refuse to be a captive of the environment in which you first find yourself. (Mark Caine)

17. تۆمۈرنى سوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىزىشىنى كۈتمەڭ! ئەكسىچە، ئۇنى سوقۇپ قىزىق ھالەتكە ئەكېلىڭ! — ۋىليام باتلېر يېتس

Do not wait to strike till the iron is hot; but make it hot by striking. (William Butler Yeats)

18. ھەقىقىي بەخت كىشىنىڭ ئىقتىدارى ۋە تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا باغلىقتۇر. — جون گاردنېر

True happiness involves the full use of one's power and talents. (John W. Gardner)

19. ئەگەر سىز شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىنى ياقتۇرمىسىڭىز، ئۇنى ئۆزگەرتىڭ! چۈنكى، سىز (جايىدىن قىمىرلىيالمايدىغان) دەرەخ ئەمەستە؟! ــ جىم رون

If you don't like how things are, change it! You're not a tree. (Jim Rohn)

20. بۈگۈنكى ئەرباب ئەينى چاغدا غايىسى بار ھەمدە ھەرىكەتكە ئۆتكەن نامسىز شەخس ئىدى. ــ جون بېرووۋس

A somebody was once a nobody who wanted to and did. (John Burroughs)

21. قىزغىنلىقىڭىزغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇڭ! ئەرزىمەس كىشىلەر دائىم شۇنداق قىلىشىدۇ. لېكىن، بۈيۈك شەخسلەر سىزگىمۇ بۈيۈكلەردىن بولالايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ــ مارك تۋېن

“Stay away from those people who try to disparage your ambitions. Small minds will always do that, but great minds will give you a feeling that you can become great too.” (Mark Twain)

22. ئارزۇلىغىنىڭىزغا ئېرىششىڭىز مۇۋەپپەقىيەت، ئېرىشكىنىڭىزنىڭ دەل ئارزۇلىغىنىڭىز بولۇشى بەختتۇر. ــ كىنسېلا

“Success is getting what you want, happiness is wanting what you get.” (W. P. Kinsella)

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

مەنبە:

https://www.brainyquote.com/topics/motivational_quotes

https://www.shopify.com/blog/motivational_quotes



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2022 -يىلى 2 – ئاينىڭ 27 – كۈنىدىن 3 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

(2022 ـ يىلى 27 ـ فېۋرالدىن، 2022 ـ يىلى 27 ـ مارتقىچە)

## ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ» دېدى

**«aninews» تورىنىڭ 1 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونى بلىنكېن ب د ت نىڭ ياۋروپادىكى باش شتابىدا، يەنى شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 49 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، «خىتايدا، ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق  ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بىز (ب د ت نىڭ) كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنى بۇ يەردىكى ئەھۋالغا ئالاقىدار دوكلاتىنى كېچىكتۈرمەستىن ئېلان قىلىشقا چاقىرىمىز» دېگەن.**

## خىتاي ئۇكرائىنادىكى پۇقرالىرىنى قايتۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ

**«trthaber» تورىنىڭ 2 ـ مارتتىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي 1 ـ مارت ئۇكرائىنادىكى 600 خىتاي ئوقۇغۇچىنى قايتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، 2 ـ مارت كىيېۋ شەھىرىدىن 900، ئودېسسا شەھىرىدىن 800 كىشى بولۇپ، جەمئىي 1700 خىتاي پۇقراسىنى ئۇكرائىنادىن قايتۇرۇپ كېتىشنى پىلانلىغان.**

**خىتاي باش ئەلچىخانىسىنىڭ پۇقرالارنى ئەكېتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا، ئۇكرائىناغا قوشنا بولغان دۆلەتلەردىن مولدوۋا، رۇمىنىيە، سلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە ۋە پولشانىڭ ئۇكرائىنادىن قاچقان خىتاي پۇقرالىرىدىن ۋىزا ئالمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.**

ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، ئۇكرائىنادا ياشايدىغان 6000 دىن ئارتۇق خىتاي پۇقراسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنى ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنغان.

## خىتايلار رۇسىيە ـ خىتاي ئارىسىدىكى سودىلارغا چېتىشلىق شىركەتلەرنىڭ پاي چېكىنى بەس ـ بەستە سېتىۋالماقتا

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 4 ـ مارتتىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، غەرب ئەللىرىنىڭ رۇسىيەگە قاراتقان ئىقتىسادىي ئېمبارگوسىدىن كېيىن، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى تىجارەتنىڭ قويۇقلىشىشى مۆلچەرلىنىۋاتقان پەيتتە، رۇسىيەگە مۇناسىۋەتلىك تەمىنلەش زەنجىرى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنىڭ پېيى خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلار تەرىپىدىن بەس ـ بەستە سېتىۋېلىنغان.

بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاتالمىش «خىتاي ـ رۇسىيە سودا ئۇقۇمى» كۆرسەتكۈچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار كونتېينېر توشۇش شىركىتى ۋە پورت تىجارىتى شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. پۇل مۇئامىلە سانلىق مەلۇمات تەمىنلىگۈچىسى بولغان iFinD نىڭ سانلىق مەلۇماتىغا كۆرە، بۇ كۆرسەتكۈچ 28 ـ فېۋرالدىن باشلاپ يىگىرمە پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشقان.

## خىتاي ئامېرىكادىكى پۇقرالىرىنى سەگەك تۇرۇشقا چاقىردى

خەۋەر تۈرك قانىلىنىڭ ئىككىنچى مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئامېرىكادىكى ئەنسىز بىخەتەرلىك ئاتموسفېراسى سەۋەبلىك ئامېرىكادىكى ۋەتەنداشلىرىنى شەخسىي بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىشقا چاقىردى.

خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئامېرىكادا خىتايغا قارشى نەپرەتنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئاسىيا قان سېستىمىسىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ يامان نىيەتلىك ھۇجۇملارغا دۇچ كېلىش خەتىرى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

خىتاي باش ئەلچىلىكى يەنە خەتەر ئاستىدىكى خىتايلار ئارىسىدا نۆۋەتتە ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق ئوقۇغۇچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىدىغان شىركەت ـ كارخانىلاردا خىزمەت قىلىدىغان خادىملار بارلىقىنى ئاشكارىلىدى.

## ئامېرىكانىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بېيجىڭغا يېتىپ باردى

«abcnews» تورىنىڭ 6 ـ مارتتىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا بىلەن خىتاي، تەيۋەن، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر جەھەتتە قاتتىق جىددىيلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئامېرىكانىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نىكولاس بېرنس 4 ـ مارت بېيجىڭغا يېتىپ بارغان.

ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بېرنس ۋە باشقا ئامېرىكالىق دىپلوماتلار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى خىتاينىڭ تەلىپى بويىچە، خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىغا قارشى تەدبىر سۈپىتىدە، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ تۇرالغۇ بىناسى ئىچىدە ئۈچ ھەپتە كارانتىن قىلىنىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، 2020 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تېرىي برانستەد ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، بۇ ئورۇن ئىزچىل بوش تۇرغانىكەن.

يېڭى باش ئەلچى نىكولاي بېرنس كەسپىي دىپلومات، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق باياناتچىسى، ئامېرىكانىڭ ناتودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، شۇنداقلا تونۇلغان ئاكادېمىك بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كېنىدى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە جوۋ بايدېننىڭ پرىزدېنتلىق سايلىمى پائالىيىتىدە تاشقى سىياسەت مەسلىھەتچىسى بولغان.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبلىك، خىتاي شىركەتلىرىدىكى مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالغان نورۋېگىيە ئىگىلىك ھوقۇق فوندى خىتاينىڭ شىددەتلىك تەنقىدىگە ئۇچرىدى

«france24» تورىنىڭ 9 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، نورۋېگىيە ئىگىلىك ھوقۇق فوندىنىڭ ئەخلاق كومىتېتى خىتاينىڭ داڭلىق تەنتەربىيە ماركىسى «لىنىڭ»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، نورۋېگىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق فوندى «لىنىڭ» شىركىتىنىڭ «ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق

دەپسەندىچىلىككە يانتاياق بولۇشىنىڭ قوبۇل قىلغۇسىز خەۋپكە ئىگە ئىكەنلىكى» سەۋەبلىك، ئۆزلىرىنىڭ بۇ شىركەتتىكى مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئىزچىل قىلىپ كەلگىنىدەك، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن 9 ـ مارت مەزكۇر قارارنى «خىتايغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان ئىغىر كاززابلىق» دەپ ئاتىغان ۋە «ئالاقىدار تەرەپلەرنى يالغان ـ ياۋىداقلارغا ئالدىنىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق»قا ئۈندىگەن.

ئىگىلىنىشىچە، نورۋېگىيە ئىگىلىك ھوقۇق فوندى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ فوند بولۇپ، بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر فوندنىڭ قىممىتى 1 تىرىلىيون 381 مىليارد دوللار بولغان ئىكەن.

## خىتاي شىركەتلىرى رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلمىسا، ئېغىر زىيان تارتىشى مۇمكىن

«bloomberg» تورىنىڭ 10 ـ مارتتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرى گىنا رايموندو ئامېرىكا ئەسلىھەلىرىنى ۋە يۇمشاق دېتاللىرىنى سېتىۋالماقچى بولغان خىتاي شىركەتلىرىنى ئەگەر رۇسىيەنى ئۆزەك ۋە باشقا ئىلغار تېخنىكىلار بىلەن تەمىنلەشنى توختاتمىغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ ئامېرىكادىن ئەسلىھە ۋە تېخنىكىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان. ئىگىلىنىشىچە رۇسىيە ئۆزەك ئىمپورتىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە خىتايغا تايىنىدىكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكانىڭ ئۇكرائىناغا ئالاقىدار نۇرغۇن جازالىرى بۇلتۇرقى 14024 ـ نومۇرلۇق مەمۇرىي بۇيرۇقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ، ئېمبارگو يۈرگۈزۈلگەن رۇسىيە شىركەتلىرىنى «ماھىيەتلىك» ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى جازالىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي بۇ مەسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىشۋاتقان بولۇپ، خىتاي بانكىلىرى خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بەزى شىركەتلىرىنى رۇسىيەدىن كۆمۈر سېتىۋېلىشنى توختىتىشقا ئۈندىگەن.

## خىتايدىكى بوخەي خۇاۋېي شىركىتىدىكى پېيىنى سېتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقان خانتېر بايدېننىڭ ھېلىھەم مەزكۇر شىركەتتە پېيى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە

«washingtonexaminer» تورىنىڭ 9 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، 8 ـ مارتقا قەدەر، خىتاي ۋە ئامېرىكادىكى سودا خاتىرىلىرى داۋاملىق تۈردە ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ ئوغلى خانتېر بايدېننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە باغلىنىشلىق بوخەي خۇاۋېي مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ ئون پىرسەنت پېيىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

ھالبۇكى، بۇلتۇر نويابىردا، خانتېر بايدېننىڭ ئادۋوكاتى كىرىس كىلارك «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» مۇخبىرىغا خانتېر بايدېننىڭ «بوخەي خۇاۋېي شىركىتى بىلەن بولغان بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ھېچقانداق مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالمايدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەنىدى.

پرېزىدېنت جوۋ بايدېنمۇ پرېزىدېنتلىق سايلىمى جەريانىدا، ئەگەر سايلامدا غەلىبە قىلسا، ئائىلىسىدىكى ھېچكىمنىڭ چەتئەل شىركەتلىرى ياكى دۆلەتلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بەرگەنىدى. ئەمما، ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولمىغانلىقى مەلۇم.

## ئامېرىكا خىتاي ھۆكۈمىتىنى ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشقا چاقىردى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 9 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت 8 ـ مارت ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان خىتاي زىيارىتى توغرىسىدا، خىتاي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى؛ بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستانغىمۇ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

بۇنىڭغا قارىتا، ئامېرىكانىڭ جەنۋەدىكى ب د ت باش شتابىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شېبا كروكېر بايانات ئېلان قىلىپ: «(شەرقىي تۈركىستاندا) ئىشەنچلىك زىيارەت ئېلىپ بارالاش ئۈچۈن، باچېلېت شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك ئۇيغۇر شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلار بىلەن ئۆز ئالدىغا ئۇچرىشالىشى ھەمدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالى مەۋجۇتلۇقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئورۇنلارغا بارالىشى كېرەك» دېگەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن

«aninews» تورىنىڭ 10 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، 3 ـ مارت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «يۇقىرى سوت مەھكىمىسى» بىلەن «تەپتىش مەھكىمىسى»نىڭ 2021 ـ يىللىق خىزمەت دوكلاتى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇلتۇر شەرقىي تۈركىستاندا بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى «تېررورلۇققا زەربە بېرىش» ۋە «مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش» نامىدىكى سىياسىي باستۇرۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى»نىڭ باشلىقى باھارگۈل سەمەت ئوقۇپ ئۆتكەن «ئاپتونوم رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ 2021 ـ يىللىق خىزمەت دوكلاتى»دا، «ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى جەمئىي 668 مىڭ 900 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 606 مىڭ 200 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى، يۇقىرى سوت 5820 دېلونى قوبۇل قىلدى ۋە 5271 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى» دېيىلگەن.

گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى، دوكتور ئادرىيان زېنزنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى سوتلاردىكى دېلو ۋە تەكشۈرۈشلەرنىڭ سانى 2018 ـ يىلدىن بۇيان بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشقان.

بۇنىڭدىن سىرت، ئادرىيان زېنز يەنە سوتلاش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىڭ «بېيجىڭنىڭ مەزكۇر رايوندىكى زۇلۇم سىياسىتىنىڭ ‹قايتا تەربىيەلەش›نى ئاساس قىلىشتىن، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى تۈرمىگە قاماشقا ئۆزگىرىۋاتقانلىقى»نىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئۇيغۇرلار لاگېرلاردىن قويۇپ بېرىلىۋاتقىنى يوق، ئەكسىچە ئۇلار تۈرمىلەرگە يۆتكىلىۋاتىدۇ» دېگەن.

## ھىندونېزىيەدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تور مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

«aninews» تورىنىڭ 16 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ھىندونېزىيەدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش ۋە خىتايغا قەرزى بار بىر قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا كۆز يۇمۇۋالىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى» 15 ـ مارت جاكارتادا «نېمىشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان

ۋەھشىي جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلىدۇ؟» دېگەن تېمىدا خەلقئارالىق تور مۇھاكىمە يىغىنى تەشكىللىگەن.

مەزكۇر تور مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر ۋە پىكرىي رەھبەرلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەشكەن.

## فرانسىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ھىندىستان ب د ت نىڭ «ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈنى» تەسىس قىلىنغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى

«ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى» تورىنىڭ 17-مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، فرانسىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ھىندىستان ب د ت نىڭ ئالدىنقى ھەپتىنىڭ باشلىرىدا «ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈنى» تەسىس قىلىنغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن.

ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىگە ئەزا دۆلەتلەر 15-مارت پاكىستان ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى ماقۇللاپ، ھەر يىلى 15-مارتنى، يەنى 2019-يىلى يېڭى زېلاندىيەدىكى ئىككى مەسچىتكە ھۇجۇم قىلىپ، 51 مۇسۇلماننىڭ جېنىغا زامىن بولۇش ۋەقەسىنىڭ خاتىرە كۈنىنى «ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈنى» قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلغاندى.

بۇ قارار باش شتابى رىيادقا جايلاشقان «ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا 55 دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىران، مىسىر، تۈركىيە، قاتار، سۈرىيە، ئالجىرىيە، ماراكەش، شۇنداقلا پارس قولتۇقى ۋە شىمالىي ئافرىقادىكى باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر بار ئىدى.

ھالبۇكى، ئۆز دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «ئىسلام دۈشمەنلىكى» بىلەن ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلگەن فرانسىيە ۋە ھىندىستان ھۆكۈمەتىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ قارارغا ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ بىردەك ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىشىغا قارشى چىقمىغان.

## خىتاي ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئارقىلىق ھىندونېزىيەدىكى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە

«جاكارتا پوچتا گېزىتى» تورىنىڭ 18 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاي ئۆزىنىڭ ھىندونېزىيەدىكى كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەسىرىگە ماس ھالدا، بۇ يەردىكى يۇمشاق كۈچىنى زورايتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولۇپ، ئاشۇ ئۇرۇنۇشلاردىن بىرى «ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئارقىلىق ئىندەككە كەلتۈرۈش» تاكتىكىسى ئىكەن.

بۇ خىتاينىڭ ئۆز ئوبرازىنى پەردازلاش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەزكۇر تاكتىكا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ پەقەت خىتاينىڭ دېگىنى بويىچە چۈشىنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىمۇ مەقسەت قىلىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، خىتاينىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى ئالغان ھىندونېزىيەلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنى ھازىر يەرلىك تاراتقۇلاردا خىتايدا «دىنىي ئەركىنلىك»نىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى يەرلىك خەلقنىڭ ئاتالمىش «ئىسيان ـ توپىلاڭ»لىرىغا باغلاپ، گۇناھنى خىتايغا ئەمەس، ئۇيغۇرلارغا قويماقتا ئىكەن.

شۇنداقلا، ئۇلار ھازىر ھىندونېزىيەدىكى غوللۇق تاراتقۇلاردا خىتاي ھەققىدە ئىجابىي مۇلاھىزىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىشقا ئۈندىگەن ياكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى ئەيىبلىگەن.

تەھلىلچىلەر خىتاينىڭ ئۆزىگە پايدىلىق پىكىر مۇھىتى شەكىللەندۈرۈشتە، پاكىستانغا ئوخشاش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھىندونېزىيەدە قىلىۋاتقىنىدەك، خەلقنى، بولۇپمۇ كەلگۈسىنىڭ سەرخىللىرى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى نىشانلىغانلىقىنىڭ جىددىي دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

## شى جىنپىڭ ئامېرىكانى تەيۋەن مەسلىسىنى «مۇۋاپىق» بىر تەرەپ قىلىپ، ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىگە دەز كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۈندىدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 19 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 18 ـ مارت ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ

بايدىنغا تەيۋەن مەسىلىسىنى «مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش» ئارقىلىق، بۇنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

شى جىنپىڭ 18 ـ مارت جوۋ بايدېن بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋىدىيولۇق تېلېفون ئۇچرىشىشىدا شۇنداق دېگەن: «ئامېرىكادىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەيۋەندىكى تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى ياقىلايدىغان كۈچلەرگە خاتا سىگنال بېرىۋاتىدۇ، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال. ئەگەر تەيۋەن مەسىلىسى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋەيران قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ».

18 ـ مارت، جوۋ بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ سۆزلىشىشتىن بىر قانچە سائەت ئىلگىرى، خىتاينىڭ «شەندوڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىسى تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، خىتاينىڭ تەيۋەنگە بولغان ئىگىلىك هوقۇق تەمەسىنى زورلۇق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش تەھدىتىنى ئەسلەتكەن. ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئاۋىياماتكىسىغا ئامېرىكانىڭ بىر قوغلىغۇچى پاراخوتى ئەگىشىپ ماڭغان.

## ئاۋستىرالىيەلىك سوتچى ب د ت نىڭ خىتايپەرەس تۇتۇمىنى ئەيىبلىدى

«brisbanetimes» تورىنىڭ 20 ـ مارتتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ب د ت نىڭ سابىق كىشىلىك هوقۇق ئەمەلدارى ئېما رېلىي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆكتىچىلەرگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى خىتايغا بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىقى سەۋەبلىك خىزمىتىدىن بوشىتىلغانىدى.

شۇنداقلا، مەزكۇر دېلوغا مەسئۇل بولغان ئاۋستىرالىيەلىك سوتچى روۋان داۋنىڭمۇ (Rowan Downing) 2019 ـ يىلى بۇ دېلو ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئازلا قالغاندا ۋەزىپىسىدىن توختىتىۋېتىلگەنىدى.

روۋان داۋنىڭ بۇلتۇر ئۇچىنچى ئايدىكى بىر قېتىملىق زىيارەتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ قىلمىشى توغرىسىدا، مەزكۇر ئاپپاراتنى «ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ مۇستەقىللىقىگە ھۇجۇم قىلدى» ۋە «سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى» دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، مەزكۇر زىيارەتنىڭ مەزمۇنى تېخى يېقىندا ئاندىن جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغان.

روۋان داۋنىڭنىڭ مەزكۇر زىيارەتتە بىلدۈرۈشچە، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئىما رېلىينىڭ دېلوسى توغرىسىدىكى ئىككى تۈرلۈك ھۆكۈمنى ئېلان قىلىشقا ئون كۈندىنمۇ ئاز ۋاقىت قالغانىكەن.

داۋنىڭ ب د ت نىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ خىتاينىڭ بېسىمىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ب د ت نىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردە بارغانسېرى خىتايپەرەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇمغا چېتىشلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا بېرىلمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى

«فوربېس» تورىنىڭ 21 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 21 ـ مارت خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان زۇلۇملىرىدا رول ئوينىغان ئەمەلدارلارغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇشنى قارار قىلغان.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى باياناتىدا شۇنداق دېيىلگەن: «مىنىستىرلىقىمىز خىتاينىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى، ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە دىنىي ئاز سانلىق گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزالىرىغا، دىنىي زاتلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىغا قارىتا تەدبىر قوللىنىدۇ.»

مەزكۇر باياناتتا ئۇيغۇرلار بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز يەنە بىر قېتىم خىتاي ھۆكۈمىتىنى دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى توختىتىشقا ئۈندەيمىز. بولۇپمۇ، خىتاينىڭ ئامېرىكالىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنى، ئامېرىكا خەلقىگە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى جىمىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ۋە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چەتئەللەرگە چىقىشىنى توسۇش قىلمىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز.»

## كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا سوئال سورىغاندىن كېيىن، خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئۆكتە قوپتى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 22ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ئېلىسا سلوتكىن كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتى جامائەت ئىشلىرى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆھبەت يىغىنىدا لېكسىيە سۆزلىگەن. بۇ جەرياندا مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى رىزۋانگۈل نۇرمۇھەممەد، ئېلىسا سلوتكىنغا ئامېرىكا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمىغا تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، ئەمما ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان، ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلىنغان زۇلۇم توغرىسىدا ھېلىھەم تۆۋەن بىرەر جازا يۈرگۈزمىگەنلىكى توغرىسىدا سوئال قويغاندا، نەق مەيداندىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ غوۋغا چىقارغان ۋە بەزى خىتاي ئوقۇغۇچىلار زالدىن چىقىپ كەتكەن.

كېيىن، ئېلىسا ستولكىن بۇ ھەقتىكى تۋىتېر يازمىسىدا شۇنداق دېگەن: «مېنىڭ خىتاي خەلقى ياكى شۇ زالدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن زىددىيىتىم يوق، ئەمما مەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە كۆز يۇمالمايمەن. مەندىن ئاشۇ سوئالنى سورىغان ياش خانىم شۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم مەكتەپداشلىرىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ۋە قورقۇتۇشىغا دۇچ كەلدى. بۇنداق ئىشنى ھەرگىز توغرا چۈشىنىشكە بولمايدۇ».

ئىگىلىنىشىچە، بۇ سۆھبەت يىغىنى ئاياغلاشقاندا، مەكتەپنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرىدىن بىرى جېدەل چىقارغان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى ئەيىبلىمەكتە يوق، ئوقۇغۇچىلارنى خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە ئۈندىگەن.

## ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە G7 باشلىقلىرىنىڭ يەۋقۇلئاددە يىغىنلىرىدا خىتاي توغرىلىق مۇزاكىرىلەشتى

«گېرمانىيە ئاۋازى» تورىنىڭ 25ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، 24ـ مارت «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»، G7 ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقلىرى ئۇكرائىنا كرىزىسى توغرىسىدا بېلگىيەنىڭ پايتەختى بريۇسسېلدا ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىن ئۆتكۈزگەن.

«شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»نىڭ رەھبەرلىرى رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇكرائىنادا قوزغىغۇسى خىمىيىلىك ھۇجۇمىغا قارىتا، ئۆزلىرىنىڭ خىمىيەلىك ۋە يادرو

مۇداپىئە قىسمىلىرىنى ئاكتىپلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى ۋە مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ شەرق فرونتىنى كۈچەيتىشكە ۋەدە بەرگەن.

G7 رەھبەرلىرى رۇسىيە مەركىزى بانكىسىنىڭ خەلقئارا ئالتۇن زاپىسىغا چېتىلىدىغان پۇل مۇئامىلە سودىلىرىنى توسۇشقا ۋە ئۇكرائىناغا قىلىنىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنى كۆپەيتىشكە قوشۇلغان.

شۇنداقلا، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بۇ جەرياندا رۇسىيەنى يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىرى توغرىسىدىمۇ توختالغان:

ئامېرىكا پرېزىدېنتى بايدېن «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» ۋە G7 باشلىقلار يىغىنىدىن كېيىن مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ خىتاي پرېزىدېنتى شى جىنپىڭنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خىتاينىڭ مەزكۇر ئۇرۇشتا رۇسىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بايدېن مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇنىڭغا تەھدىت سالمىدىم، ئەمما رۇسىيەگە ياردەم بېرىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭغا ئېنىق چۈشەندۈردۈم. خىتاي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كېلەچىكىنىڭ رۇسىيەدىن بەكرەك غەربكە تايىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ».

G7 دۆلەتلىرى خىتاينىڭ ئومۇمىي ئېكسپورتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان بولغاچقا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشىنىڭ خىتاينىڭ تۇتۇمىنى ئۆزگەرتەلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈلمەكتە.

## «ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى يەنە بىر قېتىم نەزەردىن ساقىت قىلدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 25 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ 22 ـ مارت پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئاباددا باشلانغان 48 ـ نۆۋەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ يىغىنىغا قانخور، ئەشەددىي ئىسلام دۈشمىنى بولغان خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىمۇ «ئەزىز مېھمان» سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋە سۆز قىلغان.

گەرچە، مەزكۇر يىغىندا تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا «خىتايدا ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار دىنىي ھەقلىرىنى ۋە كۈلتۈرەل كىملىكلىرىنى قوغداشتا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە»، «ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرمەسكە سېلىش توغرىمۇ؟»، دېگەن بولسىمۇ، ئەمما نىسبەتەن سىپايىلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇ ئىبارىلەرمۇ مەزكۇر يىغىننىڭ ئورتاق باياناتنامىسىدىن ئورۇن ئالالمىغان ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىسمىتى يەنە بىر قېتىم خىتايدىن كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە بۇ دۆلەتلەر تەرىپىدىن نەزەردىن ساقىت قىلىنغان.

### ھىندىستان ـ خىتاي چېگرا تالاش ـ تارتىشىدىكى مۇشكۈلاتلار داۋاملاشماقتا

«ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 26 ـ مارتتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى 25 ـ مارت ھىندىستان پايتەختى يېڭى دېھلىدا ھىندىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جايشانكار ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى ئاجىت دوۋال بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، 2020 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى لاداختىكى ئەمەلىي كونترول سىزىقىنى (LAC) ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا كەسكىن ۋەدە بەرمىگەچكە، ھىندىستان ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش يولىدىكى مۇشكۈلاتلار يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىكەن.

گەرچە ۋاڭ يى لاداختىكى ئەمەلىي كونترول سىزىقى بويىدىكى جىددىيلىكنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مۇناسىۋىتىدىن ئايرىپ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ئەمما بىۋاستە خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تىزگىنىدە بولغان خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ھېلىھەم مەزكۇر لىنىيە بويىدىن چېكىنمەيۋاتقانلىقتىن، بۇ مەسىلىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



درۇ گلاندىي (1955-2022)
ئامېرىكالىق ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس، ئۇيغۇرلارنىڭ سەممىي دوست درۇ گلادنىي ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە مەۋجۇدىيتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



بارلىق قورقۇشلار نادانلىقتىن تۇغۇلدۇ.